تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس



# سەگكىز سۇرىتىم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

# سەككىز سۇرتۇم

(ساتىرىك شېئىرلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

我的八幅肖像/吐尔逊别克·依布拉音著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2004. 5

ISBN 7—228—08758—5

Ⅰ. 我… Ⅱ. 吐… Ⅲ. 诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 039500 号

责任编辑：帕提古丽·米吉提
责任校对：阿斯亚·艾合买提
封面绘画：吾布力·克里木
封面设计：艾克白尔·萨力.

**我的八幅肖像**（维吾尔文）
吐尔逊别克·依布拉音 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号） 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行 乌鲁木齐新协印务有限公司印刷
787×1092 毫米 32 开本 3.875 印张 3 插页
2004 年 5 月第 1 版 2004 年 5 月第 1 次印刷
印数：1 —— 5000

ISBN 7—228—08758—5 定价：7.00 元



تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

# تۇرسۇنبەگنىڭ كۆلكىسى

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر سورۇنى لەتىپىسىز ۋە يۇمۇرسىز بولمايدۇ، تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ جىددىي سۆھبەتلەرمۇ ئىككى - ئۈچ يۇمۇرنى تېتىتقۇ قىلمىسا ئۇنىمايدۇ، بىزدە ئېھتىراسلىق مۇھەببەت ئىزھارىمۇ يۇمۇر ئارقىلىق بولىدۇ. يۇمۇر تۇرمۇشتىكى قۇلايسىزلىقلار، ئەپسىز كەيپىياتلار، كۆڭۈل جاراھەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەپلىك قورال، بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. بىزدە ھېكمەت بىلەن كۈلىدىغانلارمۇ بار. ھەسرەت بىلەن كۈلىدىغانلارمۇ بار، ھەتتا، كۈلۈشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، تېلىقىپ قالىدىغانلارمۇ، ئەسلىدە كۈلكە خۇرۇچى يوق تۇرۇقلۇق يۇمۇرغا تەۋەككۈل قىلىپ، تېتىقسىزلىشىپ قالىدىغانلارمۇ بار. سالاۋات، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە نىسبەتەن نورمال ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر، جاھاندىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشنى ژانىرلارغا ئايرىشقا توغرا كەلسە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ساتىرىك تۇرمۇش بولۇپ چىقىدۇ.

ساتىرىك بىر خەلقنىڭ ساتىرىك ئەدەبىياتىنىڭ

بولۇشى، جۈملىدىن ساتىرىك يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ بولۇشى نورمال بىر ئېھتىياج. ئۇلار تراگېدىيىلىك قىسمەتنىڭ ئاچچىقىدىن مەست بولۇپ، خۇدىنى يوقاتقان كىشىلەرنى ھەجۋى قىلىپ، تراگېدىيىلىك قۇلايسىزلىقلاردىن ھالقىشنىڭ مەنۋى يوللىرىنى كەشىپ قىلىدۇ. بۇ يوللار ئاخىر بېرىپ، خەلق ھاياتىنىڭ بىر ئەينىكى بولۇپ قالىدۇ. ۋاھالەنكى، بىزنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى ساتىرىك ژانىرلار ۋە ساتىرىك قەلەم ئىگىلىرى يېتەرلىك ئەمەس. مەدەنىيىتىمىزنىڭ كومېدىك قاتلاملىرى ھەققىدىكى ئەقلىي ئىزدىنىشلەردىن گەپ ئېچىش تېخىمۇ تەس.

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم شېئىرىيەتنىڭ ساتىرا ژانىرىدا كۆپرەك قەلەم تەۋرەتكەن ئەدىب سۈپىتىدە، تۇرمۇش شەكىللىرىمىز ۋە جامائىتىمىزدىكى بولۇمسىزلىقلارنى مەسخىرە ئاستىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ مەكتىتىن ئىبارەت خەلق سەنئىتىنىڭ مۇزىيىدا ياشاپ كەلدى. ئۇ مەكتىنىڭ توپا - چاڭلىق يەكشەنبە بازارلىرىنى ئارىلاپ، دېھقان بېگەن كاللا - پاقالچاقلارنى دېھقان بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ يېيەلەيدۇ. ھاياتتىكى ئەقىدىسى، مەۋقەسى ۋە ئادىمىي سۈرۈشتىسىنى يوقاتقان ساياق ياشلارنىڭ تاۋكاسىغا بىۋاسىتە داخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ لاۋزىلىقىدىكى ۋەيرانلىقىنى، چاكىنا ۋە ئەرزىمەسلىكىدىكى ئىنسانىي قەدىرىيەتنى كۆرەلەيدۇ. شۇڭا، تۇرسۇنبەگنىڭ شېئىرىي تىلى بىر ئاز ئاچچىق. ئۇنىڭدىن پاساھەتكە تويۇنغان ساماۋى پىكىرلەرنى تەلەپ قىلىش خاتا، ئۇ تۇرمۇشتىكى جاراھەتلەرگە ھەرگىزمۇ ئوسما قويالمايدۇ، ئۇ چوقۇم

رەزىللىكلەرنى كۆرۈپ چۆچۈگەن، ئەندىككەن ۋە تىرىككەن ھالىتى بىلەن كىتابخانىلارنىڭ ئالدىغا چىقىشى كېرەك. مەن تۇرسۇنبەگنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىدىكى ئامىللارنى تولۇق چۈشەنمەيمەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تېماتىك پاكىزلىككە جەزم قىلالايمەن. ئەگەر، شائىر ئۆزىنىڭ ياشاش لوگىكىسىنى شېئىرغا قارشى قويسا، بۇنداق ئەخلاقىي خاتالىقتا ئۇنىڭ ئۆزى جاۋابكار. شائىرلار ئۆزلىرى سەزگەن ياكى سەزمىگەن ھالدا بىدئەت نەرسىلەرنى ماختاپ قويۇشتىن كۆپ ھاللاردا خالىي بولالمايدۇ. زامان ئۇنىڭ توغرا قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى ھامان ئىسپاتلايدۇ. تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنىڭ نەزىرىدە، رەزىللىككە قارشى مەۋقەدە قايناپ تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغان يازغۇچى، مەۋقەدىكى ئېنىقلىق پىكرى تېرەنلىكتىن مۇھىم دەپ قارىغىنىمىزدا، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنىڭ ساتىرىك شېئىرلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى «سەككىز سۇرىتىم» دېگەن ئەسىرىنى بۇگۇنكى زامان ئۇيغۇر ساتىراچىلىقىدىكى بىر نامايەندە دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ھوقۇقپەرەستلىك، ئاچ كۆزلۈك، ھاراقكەشلىك، قالاقلىق كەبى سەككىز خىل ئىللەتنى ئايرىم ـ ئايرىم سۈرەتلەيدۇ، ھەربىر ئىللەتتىكى ئالاھىدىلىك ۋە ئالامەتلەرنى ھەجۋى رەۋىشتە ئاشكارىلايدۇ. تۇرسۇنبەگنىڭ ساتىرىلىرىنى بىرمۇ بىر ئوقۇغىنىمىزدا ئۆزى قاۋۇل، لېكىن ھاراقكەشلىك ۋە قالاقلىقتىن خۇدىنى يوقاتقان دېۋەڭ، ئەبگا بىر ئادەمنىڭ پورترېتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ، شۇنداقلا، جۇڭگونىڭ ئەينى دەۋردىكى پۈتى بوغۇلغان ئاياللىرى كۆز ئالدىمىزغا

كېلىدۇ.

مېنىڭچە، تۇرسۇنبەگ خەلقىمىزگە يامراپ كەتكەن ئالكوگولىزم (هاراقكەشلىك) كېسىلىنى ھەممىدىن بەك نەپرەت بىلەن قامچىلايدۇ.

قورال قىلىپ چوكىنى، بومبا قىلىپ شىشىنى
رومكا بىلەن ئاتىمىز.
ئاكوپ قىلىپ ئېرىقنى، تولدۇرالماي يېرىقنى
يول بويىدا ياتىمىز.

— «مەيخورلار مارشى» دىن

هاراقكەشنىڭ ھەجۋى پورترېتى يۇقىرىقى مىسرالاردا ناھايىتى ئىخچام چىققان. ئۇنىڭدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتاكىغا ئۆتكەن هاراقكەشتىن ئىبارەت بىر «جەڭچى» نىڭ قىياپىتى بار.

شارابنى چاي قىلىپ، چىلىسام ناننى،
تويغۇزۇپ قورساقنى، قىزىتتى قاننى.
قورساقتىن ئەلاراق نېمە بار جاھاندا،
نە قىلاي ئېتىقاد، ئىنساب، ئىماننى؟

— «مەيخور سۆزلىرى» دىن

يۇقىرىقى مىساللاردا هاراقكەشنىڭ مەنىۋى قىياپىتى گەۋدىلەنگەن. مەي مەدەنىيەتشۇناسلار تەرىپىدىن بىر خىل مەدەنىيەت دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يۇمشاق خاراكتېرلىك سارىسقا ئايلىنىپ

كەتكەن.

«كۈلكە ئەقىل بىلەن غەيرىي ئەقىلنىڭ گىرەلەشمىسىدىكى دولقۇن» دەيدۇ جىك كىرول[①]. ئېيتقىنىدەك، ساتىرا ھەرگىزمۇ تەلۋىلىك بىلەن زاڭلىق قىلىش ئەمەس. بەلكى، ئەقىل ۋە ئەقىدىنى ئاساس قىلغان ئۆتكۈر تەنقىد. تۇرسۇنبەگنىڭ ساتىرىلىرىدىكى رېئالىستىك روھ مەدەنىيەتشۇناسلار، فولكلورچىلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلار ئۈچۈن خېلى زۆرۈر تېما. ئەگەر بۇ تېما يېتەرلىك نەزەرىيە نۇقتىسىدىن قېزىلسا، نۇرغۇن ئەقىلگە ئېرىشىمىز.

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ساتىرىنى ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى ۋە بىر قىسىم فېلىيەتونلىرىدا ئىزچىللىقتا ئىگە قىلدى. ئەمدىلىكتە ئۇنى پروزىنىڭ يىرىك ژانىرلىرىدا سىناق قىلىپ باقسا قانداق بولار دېگەن ئۈمىدتىمىز.

2004 ـ يىلى، 19 ـ ماي، ئۈرۈمچى

① مىرۋىن خىلىس «يۇمۇرنىڭ ئالتە ئامىلى»، «كومېدىيە ـ باھار ئەپسانىسى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالە. جۇڭگو كومېدىيە نەشرىياتى. 1992 ـ يىلى، نەشرى، 289 ـ بەت.

# مۇندەرىجە

1. ئىڭەك سالىمى ........................ 1
2. يوق .................................... 2
3. بىر باشلىقنىڭ بەلگىلىمىسى .......... 3
4. ئۇرۇمچىنىڭ بودەك قىزلىرى .......... 5
5. ئايلاندى .............................. 7
6. مەيخور سۆزلىرى ...................... 9
7. قۇشقاچ قوشىقى ....................... 26
8. روھ ئىقرارنامىسى .................... 29
9. بىكار تەلەپلەر مارشى ................ 30
10. قاپىيىداش رۇبائىيلار ................ 32
11. زىرائەتلەر ھەسرىتى .................. 35
12. ... دېدى ............................. 44
13. بىر ساقىغا ........................... 46
14. خەت يىگەك شەھەر ..................... 47
15. شەھەر شەجەرىسى ..................... 49
16. خىزىر سۆزلىرى ....................... 51
17. ئەمەس بەختىڭ قاۋاقلاردا ............ 52

18. بىر بايغا .............................. 54
19. ئۈزۈك نەپەسلەر ...................... 55
20. قەلەم ھەققىنىڭ بايانى .................. 60
21. مەيخورلار مارشى .................... 65
22. قانۇننىڭ سۆزى ....................... 67
23. ھۈنەرۋەنلەرگە ....................... 70
24. پەرز ۋە قەرز .......................... 76
25. سەككىز سۈرىتىم ..................... 78
26. بىر يولدىن سادا ..................... 98
27. ئىئاننىڭ ئەرزى ..................... 101
28. مەكتىنىڭ توكى ...................... 103
29. سەپەردىكى ياتاقدىشىمغا ............. 106
30. كالىنىڭ نالىسى ....................... 110

# ئىنگەك سالىمى

ئوڭ قولۇمنى قويۇپ كۆكسۈمگە،
قىلغانىدىم يۈرەك سالىمى.
قايتتى شۇئان جاۋاب ئورنىدا،
خۇشياقمىغان ئىنگەك سالىمى.

ئويلاپ قالدىم، سالاملارنىڭمۇ،
دەرىجىسى - كۈرسى ئۆسۈپتۇ.
(ئىنگەك ئورنى يۈرەكتىن ئۈستۈن،
بولغاچ سالام ئاڭا كۆچۈپتۇ.)

كۆچىۋەرسە ناۋادا شۇنداق،
يۈرەكلەردىن ئېتىقاد، ئىمان؛
پەرقلىنەر ئاخىرى قانداق،
ئىككى پۇتلۇق هايۋاندىن ئىنسان!؟

2003 - يىلى 6 - سېنتەبىر، يېڭىسار

# يوق

ئەجەب ئوبدان زامان بولدى، كۆرۈڭ ھېچكىمدەئىنساپ يوق،
جىمى قانۇننى ئاختۇرسا ۋاپا، ۋىجدان دېگەن باب يوق.

كۆپەيدى يىلسىرى كۆكلەپ پارىخور ھەم خىيانەتچى،
گۇگۇت ياقسا جىنايەتچى، لېكىن ئوت قويسا پاششاپ يوق.

شەھەر - بازار بىنالاشتى، بۇلۇت بىرلە دىدارلاشتى،
كېچە بولماس شەھەرلەردە، لېكىن ئىللىشقا ئاپتاپ يوق.

بازار ئاۋات، راۋان سودا، چىقار ھەر كۈن يېڭى مودا،
بىراق ئىسراپخانىلاردىن[1] بۆلەك ئىشلاردا چاپ - چاپ يوق.

تەرەققىي قىلدى تىل شۇنچە، سۆزلىسە ھارماس مىڭ كۈنچە،
جىمى ئەللەرنى ئاختۇرسا بۈگۈن بىز كەبى كاپ - كاپ يوق.

گۇناھ يېتىمگە يۈكلەكلىك، «ھېكىم»گە شۆھرەت تىكلەكلىك،
ئېغىزدا «مەن چاكار» دەيدۇ، ئۇنىڭدەك كۆرەڭ كاززاپ يوق.

ئەجەب تاتلىق شېرىن سۆزلەر، كېچە - كۈندۈز كۈلەر كۆزلەر،
بۈگۈن تۇتىغا ئايلانغان تىرەن ئاڭلاردا ئازاب يوق.

2003 - يىلى 3 - سېنتەبىر، مەكىت

---

① ئىسراپخانا --- رېستورانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## بىر باشلىقنىڭ بەلگىلىمىسى

ئايلاپ ئاچقان يىغىندىن زېرىكىشكە رۇخسەت يوق،
تەنقىدلەيمەن، تىللايمەن، تېرىكىشكە رۇخسەت يوق.

كېچىككەنلەر بىر مىنۇت، ئۆرە تۇرسۇن يۈز مىنۇت،
پۇتۇم تالدى دەپ تامغا يۆلىنىشكە رۇخسەت يوق.

ماڭا باغلىق يىغىنىنىڭ قاچان، قانداق تۈگىشى،
ۋاقىت توشتى دەپ قاپاق تۈرۈشىشكە رۇخسەت يوق.

ئىزدەپ كەلسە سىرتتىن ھەرقانچە چوڭ يوغان زات،
بۇزۇپ يىغىن كەيپىنى كۆرۈشۈشكە رۇخسەت يوق.

ئۆزى يىغىن زالىدا، كۆڭلى گۈلگۈن دالىدا،
يارى بىلەن خىيالىدا سۆيۈشۈشكە رۇخسەت يوق.

بىردەكلىكنى ساقلاش شەرت ئىدىيىدە مەن بىلەن،
ئىككى-ئۈچتىن بىر بولۇپ بىرىكىشكە رۇخسەت يوق.

ئېزىپ كەتسەم ناۋادا مارافونچە سۆزۈمدىن،
بىر - بىرىگە كۆز قىسىپ كۈلۈشۈشكە رۇخسەت يوق.

ئۇنتۇمنى ئاڭلىماي، چاۋاك چېلىپ داڭلىماي،
ژۇرنال، كىتاب ئەكىرىپ ئۆگىنىشكە رۇخسەت يوق.

سەۋەب تېپىپ يۈرەكتىن ياكى جىگەر، بۆرەكتىن،
كېسەلمەن دەپ دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە رۇخسەت يوق.

دەپ قويۇشقىن ئۆيدىكى كېسەل بوۋا - موماڭغا،
مۇھىم يىغىن ۋاقتىدا ئۆلۈشكە رۇخسەت يوق.

تۈگىمىدى گەپ تېخى، شەنبە يەنە يىغىن بار،
يەكشەنبىگە خام خىيال سۈرۈشۈشكە رۇخسەت يوق.

2002 - يىلى 1 - ماي، مەكىت



# ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى

ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى،
كىيىپ يۇرەر كۆتەكسىمان كەش.
كەشكە قاراپ ئۇ، بۇ دىمەڭلار،
قەدەم تاشلار سىكۇنتىغا بەش.

ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى،
چىھرى ئىللىق مىھرىدۇر ئاتەش.
كار قىلالماس شۇڭا زىمىستان،
يالقۇنلايدۇ مەيدىسىدە مەش.

ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى،
شۇنچە خۇشخۇي، شۇنچىلىك دىلكەش.
شۇ دىلكەشلىك ئاچقۇچى بىلەن،
ئاچار ئەگەر بولسا دىللار غەش.

ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى،
ئۆزى ئوماق سۆزلىرى ئەبجەش.
ئەبجەشلىكتە بىلمەيدۇ بەلكىم،
مۇشۇكىنى دېيىشىنىمۇ پەش.

ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى،
كۆلكىسىدە بىر گۈزەل ئۈندەش.
ئېلىپ كەلگەي ئاڭا ئىلاھىم،
يېڭى ئەسىر يېڭىچە گۈللەش!

2001 ـ يىل 2 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى



# ئايلاندى

ئانا يۇرت يېزىلار نامى بىراقلا «شاڭ» غا ئايلاندى،
مۇدىر، هاكىم ۋە نازىرلارئاخىرى«. . . جاڭ» غائايلاندى.

تولا يادلاپ شۇ «جاڭ»لارنى بەك كۆندۈرگەچكە ئاڭلارنى،
سوراپ قالسا«بوۋاڭ كىم؟» دەپ، جاۋاب «ۋايتاڭ» غا ئايلاندى.

قەۋەتسىز ئۆيلەرنى «پىڭپاڭ»، بىنالارنى دېگەچ «لۇپاڭ»،
چىرايلىق «ئىسكىلات»، «ئامبار» تۇرالماي «ساڭ» غا ئايلاندى.

ئېغىل، قوتانلارنى «ماخو»، دېرىزىنىدېدۇق «چاڭخو»،
ئەزەلدىن بار تۇرۇپ تام مەش، ئېسىت ئۇ «كاڭ» غا ئايلاندى.

قولۇپ سالغاننى دەپ «سولاپ»، چاي دەملەشنى هەم«پولاپ»
ئازابلىق ئاشۇ ئاڭسىزلىق ئاجايىپ ئاڭغا ئايلاندى.

قىزىل، كۆك مۇچلىنى «لازا»، دەۋالدۇق «بەلچە» نى «شازا»
كىمىكى ئەسلىنى بىلسە، ئېتى «كادالڭ» غا ئايلاندى.

ئەزەلدىنلا قىلىچ ئىسمى بىلەن ئىجىل بولۇپ كەلگەن،
«قۇيۇچ» ئاتلىق ئېگىلمەس بىر جىسىممۇ «گالڭ» غا ئايلاندى.

ئەۋج ئالسا بۇ خىل ئىللەت تۈزەلگەيمۇ يەنە مىللەت،
شۇڭا دەيمەن يورۇق يوللار تۇمانغا - چاڭغا ئايلاندى.



# مەيخور سۆزلىرى

(ساتىرىك رۇبائىيلار)

ئۇلپەتمەن ھەممىشە مەپتۇن مەي بىلەن،
ئىچمەن يازدا دوغ، قىشتا سەي بىلەن.
خەجلىگەچ «ئۇلپىتىم» ئۇچۇنلا پۇلنى
يۇرۇيمەن سوڭى يوق يىرتىق خەي بىلەن.

*

مەن دەيمەن: مەي دېگەن يىگىتكە يىلىك!
شۇڭلاشقا ياق دېمەي دائىم ئىچكۈلۈك.
بىلمىدىم ۋە لېكىن ئىچىپ بەزىدە
نە ئۇچۇن بوپقالدىم رەقىبكە پىلىك؟!

*

دەسلەپتە رۇمكىنى سۆيۈپ كېتىمەن،
سەل تۇرۇپ «ئاشىق» بوپ كۆيۈپ كېتىمەن.
ۋە لېكىن بىلمىدىم دائىم ئەتىسى،
قەي قىلىپ ئىچكەنگە تويۇپ كېتىمەن.

*

«كاڭگۇك» يوق ھەر كۇنى قانماي ئىچىمەن،
ئىچمىسە ھەرقانداق دوستتىن كېچىمەن.

دوست ئەمەس ھەتتاكى ئۆز ـ ئۆزۈمگىمۇ،
مەينى بىر قايچا قىپ كىيەن پىچىمەن.

*

مىنىڭ مەي ئىچىشتىن باشقا ئىشىم يوق،
مەيخوردىن باشقا ھەم يېقىن كىشىم يوق.
ئىلكىمدە مەي، مەيخور ھەممىسى بارۇ،
ۋە لېكىن ئەتىسى قوپسام چىشىم يوق.

*

قىلىسمۇ كىشىلەر ھەر خىل پەتىۋا،
مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مەي بەك ئەتىۋا.
ئويلاڭلار بولمىسا قېنى مەن كەبى،
مەينى دەپ جان بېرەر كىشى نەدە بار؟!

*

ئىچىمىز شارابنى شادلىق ئۈچۈن دەپ،
ۋە لېكىن ئەتىسى دەيمىز مىڭلاپ خەپ.
دېمەككى، مەي ئىچىش ئازلا شادلىققا،
ئۆمۈرلۈك شادلىقنى ساتتىم دېگەن گەپ.

*

خۇدايىم سالمىغان سۈنئىي ئازابنى،
تارتىمىز ئىچتىم دەپ مەيتۇن شارابنى.
قېنى كىم كۆرۈپتۇ دۇنيادا بۇگۈن،
مەيخوردىن ئارتۇقراق ھالى خارابنى؟!

*

شادلانسام مەي ئىچىپ دۇتتار چالىمەن،
دەرد تارتسام قەدەھنى قولغا ئالىمەن.

دېمەككى، قەدەھسىز ئۆتمەيدۇ كۈنۈم،
مەھشەردە ھەييامغا ياراپ قالىمەن.
*
قان سېتىپ پۇلىنى مەيگە تېگىشىپ،
يۈرۈيمەن مەست ـ ئەلەس ھەر كۈن ئېگىشىپ.
مەن ئەمەس ئەۋلادىم ئۆتمىدۇ شۇنداق،
چۈنكى مەي قېنىمغا كەتتى سىڭىشىپ.
*
قاۋاقنى روھ يۈيار سەرەپ بىلىمەن،
مەستلىكنى ئەڭ ئالىي شەرەپ بىلىمەن.
ياق دېسە ھەتتاكى جىمى ئادەملەر،
ئۆزۈمنى يالغۇز بىر تەرەپ بىلىمەن.
*
مەي ئىچسەم يوللارغا پاتماي ماڭىمەن،
تاكى تاڭ ئاتقۇچە ياتماي ماڭىمەن.
بەئەينى ئىچكەن شۇ مەيدەك سۈيۈلۈپ
ئەۋرىشىم ھالەتتە قاتماي ماڭىمەن.
*
مەي ئىچسەم كېتىمەن بەكمۇ شادلىنىپ،
(ئۈچىمەن گوياكى مەن قاناتلىنىپ.)
مىڭ ئەپسۇس، ئويغانسام شۇ قانىتىم يوق،
توپىدا ياتىمەن ئىككى قاتلىنىپ.
*
مەي ماڭا گوياكى جان بوپ تۇيۇلار،
تومۇرغا ـ يۈرەككە قان بوپ قۇيۇلار.

مەستلىكتە قىلغان گېپىم، ھەرىكىتىم
ئەتىسى قەلبىمگە شان بوپ ئۆيۈلار.
*
نىمىشقا «ئاز-ئاز ئىچ...» دېدىكىن ھەييام،
ئاز كېلەر مەن ئۈچۈن ھەتتا يوغان جام.
بۇ ئىشتا ھەييامدىن ئۆتۈپ كەتسەممۇ
نە ئۈچۈن تەگمەيدۇ ماڭا بۈيۈك نام؟!
*
مەي ماڭا گوياكى ياغدەك ياقىدۇ،
مەست بولسام شادلىقىم دەريا ئاقىدۇ.
لېكىنزە مەستلىكتىن يېشىلدىم، شۇئان
مەيدەمنى تۈمەنمىڭ چايان چاقىدۇ.
*
ساق باشنى مەي بىلەن ساراڭ قىلىمەن،
ساراڭ بوپ ھەر قىسما پاراڭ قىلىمەن.
تۆگىمەس شۇ ساراڭ پاراڭلار بىلەن
ھەممىنىڭ بېشىنى گاراڭ قىلىمەن.
*
ئاڭلىسام چوڭ ئالىم ئىكەنتۇق ئەسلىم،
كېلىدۇ مېنىڭمۇ ئاشۇنداق پەسلىم.
(ھازىرمۇ خەق بىلمەي يۈرگىنى بىلەن
ئىچىشتە ھەييامنى قىلىمەن تەسلىم.)
*
دەردىمنى مەي بىلەن يۇماقچى بولۇپ،
ئىچىمەن ھەر كۈنى غەيرەتكە تولۇپ.

ھەر يۇسام ياشرىپ دەردىم ئەكسىچە،
كۆپەيدى بىرىگە ئونى قوشۇلۇپ.

*

چىلىسام بىر پارچە گۆشنى شارابقا،
ئۆزگەردى شۇ ھامان بەترەك كاۋاپقا.
ئەقلى بار ھەر ئىنسان ئىرىشەر جەزمەن،
بۇنىڭدىن ھېكمەتلىك ئوچۇق جاۋابقا.

*

يېقىنلىق، دوستلۇقنى مەيدە ئۆلچەيمەن،
مەست بولۇپ ياتقان لاي - زەيدە ئۆلچەيمەن.
قانچىلىك كۆپ ئىچسە شۇنچىلىك ياخشى،
ئىچىشتىن توختاشنى قەيدە ئۆلچەيمەن.

*

سورۇنغا ھۆكۈمران مېنىڭلا رايىم،
ئىچىشكە زورلايمەن توختىماي دائىم.
مەن پەقەت رايىمچە ئىچكۈزسەم بولدى،
قۇسامدۇ، ئۆلەمدۇ نېمە پەرۋايىم؟

*

ئىچىشتىن ئىمتىھان ئالسا ناۋادا،
بولاتتىم بىرىنچى ئۆزۈم دۇنيادا.
نېمىشقا بەرمەيدۇ ئاشۇنداق پۇرسەت،
ئەرزىم بار مەھشەردە تېخى خۇداغا.

*

نېمىشكىن مەي ئىچسەم، ئىچسەم قانمايمەن،
قەي قىلىپ تۇرساممۇ ئەسلا يانمايمەن.

يۇرتۇمدىن، مىللەتتىن تانساممۇ بەزى
قەدىناس شۇ مەيدىن زادى تانمايمەن.

*

مەي تۇتسام بەزىلەر تېخى «ياق» دەيدۇ،
«ئاشقازان، جىگىرىم ئەمەس ساق» دەيدۇ.
ھېلىغۇ كېسەلكەن، دىل رايىم ھەتتا،
«ئۆلسىمۇ ئىچمىسە، ئۇ قالاق. . .» دەيدۇ.

*

شارابنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن،
(ئۆز قەلبىم دىلىمنى ئوبدان بىلىمەن.)
خەق ئىشتا، سەپەردە، يا جەڭدە ئۆلسە،
مەن چوقۇم ئامرىقىم مەيدە ئۆلىمەن.

*

شارابنىڭ خۇمارى كۆزۈمدىن ئايان،
قۇدرىتى ئوك - تەتۈر سۆزۈمدىن ئايان.
«مەست سۆزى يالغان» دەپ ئىشەنمىسەڭ گەر،
قاراپ باق، تاتارغان يۈزۈمدىن ئايان.

*

بىلىمەن ھەييامىمۇ مەيدە نام ئالغان،
بولمىسا ئۇ قانداق ئۇلۇغ ئاتالغان؟
دۇنيادا ئىچىشتىن ئارتۇق شەرەپ يوق،
مېنىڭمۇ شۇ يولدا ماڭغىنىم - ماڭغان!

*

مەست ماڭسام ھەممىسى قاراپ كېتىدۇ،
ھەتتاكى ئىتلارمۇ قاۋاپ كېتىدۇ.

بىلىڭكى، مەستلىكىم ئادەم، ئىتتىقىمۇ،
چوقۇمكى ئوخشاشلا ياراپ كېتىدۇ.

*

ساھىبخان مېنى دەپ قويلارنى سويسا،
ھەتتاكى ئالدىمغا دۇنيانى قويسا.
راست گېپىم: بولماسمەن قىلچىلىك رازى،
يۈرىكىم شارابقا بىر چىلاشمىسا.

*

بولسىمۇ مەي ئىچكەن ئاغزىڭ سېنىڭكى،
ئۇنىڭدىن چىققان سۆز بولسۇن مېنىڭكى.
تىنىقىڭ بولسىلا ئىچىمەن دەۋەر،
بىلسەڭ چىن رايى شۇ يۈرىكىمنىڭكى.

*

«ئىچمەيمەن» دېگەننى كۆرەر كۆزۈم يوق،
«بۇنى ئىچ! تېز ئىچ!» تىن باشقا سۆزۈم يوق.
دۇنيادا مېنىڭ شۇ رايىمدىن بۆلەك،
ھېچقانداق مۇقەددەس قانۇن - تۈزۈم يوق.

*

بىلىڭلار مەي ئىچسەم ئۆزۈمنىڭ پۇلى،
رۇمكىنى تۇتقىنى ئۆزۈمنىڭ قولى.
دېمەڭلار ئالدىراپ مەستلىكنى پەسلىك،
ماڭغىنىم شۇ بۈيۈك ھەييامنىڭ يولى.

*

مەي ئىچسەم ئۆيمۇ ئۆي كۆچۈپ ئىچىمەن،
تۇرمۇشقا - ئاممىغا چۆكۈپ ئىچىمەن.

بەك چۆكۈپ كەتكەچكە ئۇخلاپ بەزىدە،
ۋە بەزى ئويغىنىپ چۆچۈپ ئىچىمەن.

*

ئىچىشكە ھەر كۈنى شۇنچە ئالدىراپ،
بوتۇلكا - رۇمكىغا تەلمۈرۈپ قاراپ.
جامائەت ئالدىدا پەس ئاتالساممۇ،
مەيپۇرۇش تەتەيگە قالدىم بەك ياراپ.

*

ئىچىشتىن باشقا ئىش بولسا نېرىمەن،
نەدە مەي سورۇنى بولسا كىرىمەن.
«مەست دېگەن ئاشۇنداق پەس نېمە» دېمەڭ،
بولىمەن ئاخىرى مەيخور پىرىمەن.

*

مەي ئىچىشنى ھەر شەنبىدىن باشلايمەن،
يەكشەنبىدە نىچۇن قايناپ تاشمايمەن؟
دۈشەنبىدە شاللاپ تاشلاپ ھەممىنى،
ئەمما ئۆزۈم سەيشەنبىگە ئاشمايمەن.

*

مەي ئىچسەم ئاشقازان، مەيدەم ئېچىشىپ،
ئىچمىسەم بىر يېرىم كېتەر قىچىشىپ.
قىچىشقان يامانكەن ئېچىشقاندىنمۇ،
شۇڭلاشقا مەي بىلەن قالدىم چىقىشىپ.

*

مەي ئىچسەم ئۆزۈمنى يولۋاس سېزىمەن،
شۇڭلاشقا ھۆركىرەپ كوچا كېزىمەن.

«شىر» لارغا يولۇقسام ئۆتىمەن ئەگىپ،
«قوي» لارنى ئۇچراتسام بېشىن ئېزىمەن.

*

دېيىشتى ئارقامدىن: «ھەي‌نەس مەست، ئۇيات!
مەي ئىچىپ تاپتىڭمۇ قىلچىلىك نجات؟»
جاۋابىم: نىجاتنى تونۇمىسامىمۇ،
ئىچىشتە قىلدىمغۇ كۆپ ئۇسۇل ئىجاد.

*

قانمىسام بەزىدە رۇمكىنى يالاپ،
ئۆيۈمدە كىم بولسا كېتىمەن تالاپ.
بەك قېنىپ كەتسەممۇ تېخى خاپىلىق،
ئەتىسى بالا بار ياستۇق ئادالاپ.

*

تۈن تەڭدە مەست كېلىپ ئىشىك قاقىمەن،
شۇ هامان ئاچمىسا چوقۇم چاقىمەن.
مەي ئىچمەس ئايالارغا ياقمىسام مەيلى،
ئۆزۈمدەك مەرد ـ گاڭگۇڭلارغا ياقىمەن.

*

بىر سىر بار قېنى دەي، كىملەر ئۇقىدۇ:
نېمىشقا ئىچكەن مەي يېنىپ چىقىدۇ؟
مەن مەينى ئۇلۇغلاپ ياشىسۇن دېسەم،
نىچۈن ئۇ كۆكسۈمگە نەشتەر تىقىدۇ؟!

*

كەچكە دەپ چاقىرسا چىداپ بولالماي،
چۈشتىلا ئىچىمەن توسسا ئۇنىماي.

بارىمەن سەن دېگەن چاغدىن كۆپ كېيىن،
مەست بولۇپ گىلدىڭلاپ ئادەم تونۇماي.

*

مەن مەيسىز قالمايمەن قاننى ساتساممۇ،
«مەست ئەمەس» دەيمەن ھەم قۇسۇپ ياتسامىمۇ.
يىقىلىش، سوقۇلۇش، قۇسۇش ئادىتىم،
ھېچ گەپ يوق مەي ئۈچۈن جاپا تارتسامىمۇ.

*

كىرەلمەس ئەسكەرلەر جەڭگە ياراقسىز،
يۈرەلمەس ھېچ ئىنسان ئاشسىز - تاماقسىز.
ياراقسىز - تاماقسىز يۈرسەم يۈرەرمەن،
ئۆتمەيمەن بىر سائەت مەيسىز - ھاراقسىز.

*

ئىچىمەن سەھەردىن قۇياش پاتقۇچە،
نە قۇياش، يەنە بىر تاڭمۇ ئاتقۇچە.
ئايلىنىپ تاكى بىر تىزىك مۇردىغا،
قۇسۇققا باش قويۇپ ھوشسىز ياتقۇچە.

*

پەرقى يوق مەن ئۈچۈن قىش بىلەن يازنىڭ،
كېرىكى يوق ناخشا - ئۇسۇلۇ، سازنىڭ.
لازىمى پەقەتلا مەي بىلەن قەدەھ،
قالدىسى دەۋاسى جىق بىلەن ئازنىڭ.

*

مەيلى سەن چاقىرما ئۆزۈم بارىمەن،
دوستلارنىڭ ئاشۇنداق ۋاپادارىمەن.

ۋاپانى مىسالى بىر توقماق قىلىپ،
«ياق!» دېسەڭ ھەتتاكى بېشىڭ يارىمەن.

*

ھەر كۈنى ناشتىدا بىر رۇمكا قېقىپ،
تاشلايمەن شارابنىڭ «چىشىنى چېقىپ»
چاققىنىم قايسى چىش بىلمەيمەن كېيىن،
تۈرىدۇ ئاغزىمدىن شۆلگىيىم ئېقىپ.

*

چىقارمىش بىر جىڭ مەي تۆت جىڭ قوناقتىن،
چىقمايمەن شۇڭلاشقا دائىم قاۋاقتىن.
كەم چىقماس ھېسابىم، ئىچسەم يېرىم جىڭ،
خالاس بوپ كېتىمەن ئۈچ ۋاخ تاماقتىن.

*

ئىچىمنى مەي بىلەن پەۋەس توشقۇزۇپ،
يۈرۈيمەن ئۆچرىغان قىزلارنى توسۇپ.
قېتىلسا ناۋادا تەلپىمگە قىز،
سۆيدۈم دەپ ئاغزىغا·قويىمەن قۇسۇپ.

*

ھەيرانمەن شارابنىڭ سىرلىق كۈچىگە،
ئايلىنار ئۇ بىلەن ئادەم دېۋىگە.
پەقەتلا مەيدە بار شۇ سىرنى ئىزدەپ،
بىر كىرىپ چىققۇم بار شېشە ئىچىگە.

*

مەست قىلسام ئالەمنى مەندەك، ئۆزۈمدەك،
ئۇخلىسا قۇياشمۇ خامۇش كۆزۈمدەك.

ئېيتىڭلار دۇنيادا بارمۇ بۈيۈك سۆز،
مېنىڭ شۇ مىسلىسىز يېڭى سۆزۈمدەك؟؟

*

مەي ئىچسەم بۇ بېشىم قېيىپ كېتىدۇ،
پۇتلىرىم ھەريانغا تېيىپ كېتىدۇ.
«ئەمىسە نېمىشقا ئىچىسەن؟» دېمەڭ،
باللىرىم شېشىگە بېيىپ كېتىدۇ.

*

ئىچكەندە ناخشىنى ئوقۇيمەن تازا،
سورۇنۇم بولىدۇ قايناق بىر بازا.
مىڭ ئەپسۇس ئەتىسى ياتسام ئۆلۈكتەك،
گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ زادىلا غىزا.

*

مەست بولسام بىر دۇنيا قۇرغۇم كېلىدۇ،
ھەم ئۇنى رايىمچە سورىغۇم كېلىدۇ.
تىل ـ دەشنام، مۇشتلىرىم ياتقا كەتكۈچە،
ئەڭ يېقىن دوستۇمنى ئۇرغۇم كېلىدۇ.

*

ئىچكۈم بار، ياق دەيمەن بەزى ناز قىلىپ،
(شۇ نازنى ئۆزۈمگە ئىمتىياز قىلىپ.)
ۋە لېكىن ئەنسىرەپ قارايمەن پات ـ پات،
بوينۇمنى رۇمكىغا سوزۇپ غاز قىلىپ .

*

ئادىتىم ھاراقنى دوستقىلا زورلاش،
قىزىتىپ «ياشىسۇن ھاراق!» دەپ توۋلاش.

پەش قىلىپ كۆڭلۈمنى، دوستلۇق مېھرىنى،
دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا مەجبۇرلاش، خورلاش.

*

كارىم يوق يۇرت ـ جاھان، ئەل خاراب بولسا،
كۇپايە ماڭا شۇ مەي ـ شاراب بولسا.
تەلپىم ھەييامدەك ئەمەس يۇقىرى،
دېمەيمەن راۋا بۇ ھەم كاۋاپ بولسا.

*

بالىنىستىا ياتقاننى مەيدە يوقلايمەن،
مەينى مەن ئاشۇنداق بەك ئۇلۇغلايمەن.
بوۋاقلىق ۋاقتىمدا ئىچەلمىگەننى،
قىلچىلىك قالدۇرماي تېز تولۇقلايمەن.

*

سورۇندا بىر ساقى قۇيسا سوۋارە،
«كۆپ ئىچمەي» دېگەنلەر قىلدى ئاۋارە.
ھەممىنى بىر رەتتىن سايلىسام ساقى
ھېچكىمدە ئىچمەسكە قالمىدى چارە.

*

ئىچمەن قىسمىتىم نەسلىك ئاز كېلىپ،
نادانلىق كەلتۈرگەن مەستلىك ئاز كېلىپ.
ياتىمەن كوچىدا تىرىك مۆردىدەك،
ياۋ كۆزگە ئىلمىغان پەسلىك ئاز كېلىپ.

*

مەنلا ئالغان ھەييامدىن بىر ئۇدۇمنى،
ئۇنىمايمەن يوقاتمىسام خۇدۇمنى.

خۇدۇم نىمە بۈيۈك ئۆدۈم ئالدىدا،
ئاتىۋەتتىم مەيگە دەپ ۋۇجۇدۇمنى.

*

ئادەملىكنى مەي ـ شارابقا ساتىمەن،
كوچىلاردا تۆت پۇتلۇق بوپ ياتىمەن.
جىسمىم بارۇ لېكىن روھىم ـ جېنىم يوق،
راست گەپقىلسام جانسىز بىر گۆش ـ لاتىمەن.

*

بىر رۇمكىنى قېقىۋالسام ناشتىغا،
بوتۇلكىنى بوشىتىمەن چاشكىغا.
شۇ ناشتىدىن تاكى مەست بوپ يانقۇچە،
زورلىمايمەن هاراقتىن هېچ باشقىغا.

*

بىر سورۇندا ئولتۇرغاچقا سەن بىلەن،
تەڭ ئىچىشنىڭ كېرەك جەزمەن مەن بىلەن.
ئۆلسەڭ ئالماس ئىككى پۇلغا ئۆلۈكنى،
بىراق كېلەر هاراق دېگەن «چەن» بىلەن.

*

ئۇرغۇتمىسام هاراق بىلەن قېنىمنى،
بىلەلمەيمەن بارمۇ، يوقمۇ جېنىمنى.
قالدۇرىمەن ئەۋلادىمغا مىراس قىپ،
هېچكىمدە يوق شۇ تەۋررۈك گىننىمنى.

*

توختىمايمەن ئىچىشنى بىر باشلىسام،
ئۇنىمايمەن چىنە ـ چايدان چاقمىسام.

ھېساب ئەمەس ئۆز خۇدۇمنى يوقىتىپ،
ئىچكىنىمنى بىر كۈن قۇسۇپ ياتمىسام.

*

ئىچمىگەنىنىڭ يانچۇقىغا قۇيىمەن،
خىيالىمدا كۆزلىرىنى ئويىمەن.
نە خىيالكى، ھۆكۈمەتتىن قورقمىسام،
تېرىسىنى شۇئان تەتۈر سويىمەن.

*

مەي ئىچمىسەم سۆزلىمەيمەن، گاچىمەن،
شۇڭا دائىم مەيدە كۆڭۈل ئاچىمەن.
بىر سائەتلىك ئاشۇ كۆڭۈل ئېچىشقا،
بارلىقىمنى سەدىقە قىپ چاچىمەن.

*

قىزلار تەكلىپ قىلىپ تۇرسا تانسا دەپ،
(بىز بولغاچقا سېسىق مەيدىن يانسا دەپ.)
سەۋەب تېپىپ بىر بۇلۇڭدا ئىچىمەن،
يۈرەك - باغرىم يەنە بىر رەت قانسا دەپ.

*

«بىر رومكا...» دەپ ئىشەندۈرۈپ ۋەدىگە،
بىر باشلىسام قاۋاقتىكى «پەدە» گە؛
گاھ يالۋۇرۇپ، گاھى تىللاپ ئۇرۇشۇپ،
ھاتەم بولسا ئەپ قالىمەن ئەتىگە.

*

شارابنى چاي قىلىپ چىلىسام ناننى،
تويغۇزۇپ قورساقنى قىزىتتى قاننى.

قورساقتىن ئەلاراق نىمە بار جاھاندا،
نە قىلاي ئىتىقاد، ئىنساب، ئىماننى؟!

*

زورلايمەن ئىچىشكە، يەنە ئىچىشكە،
ياق دىسە تەييارمەن دوستتىن كىچىشكە.
دۇنيادا هاراقتىن ياخشىسى بوقتۇر،
تۆيدۇرماي بىراۋنىڭ قەددىن پۈكۈشكە.

*

قالماڭلار هىچ هەيران رۇمكىنى سۆيسەم،
ياشىرار يۈرىكىم شارابنى كۆرسەم.
تىلەيمەن: ياسالسا شارابتىن كەمپۈت،
هىچقاچان ئاغزىمدىن چۈشۈرمەي شۈمسەم...

*

«ئادەمنىڭ دوستلىرى هايۋانات...» دىسەك،
مەي ئىچمەس نىمىشقا مەن بىلەن ئىشەك؟!
دوستلارنىڭ ئۆلپەتداش بولۇپ ئەسلىدە،
بىللە مەي ئىچمىكى ئەمەسمۇ بىشەك!؟

*

ئىچىمەن بىشىمنى قىلىشقا قاپاق،
كۆزۈمنى قىزارتىپ قىلىشقا چاپاق.
ياراشماس ماڭا ساق باش ـ كۆز... هىچنىمە،
قىممەتتۇر قوغۇندىن مەن ئۈچۈن شاپاق.

*

ئىچىمەن زىرىكىپ ئادەملىكىمدىن،
تەندۇرۇس، بىجىرىم ـ بەردەملىكىمدىن.

ئايرىلىپ قالغاندا ئۇلاردىن تامام،
زارلايمەن كەم ئەقىل، بىغەملىكىمدىن.

*

دەيدىكەن ھاراقنىڭ مەستلىكى ھارام،
مەن دەيمەن يالغان ئۇ يۈزدە - يۈز تامام.
مەستلىكتە مېھرىبان، كەمتەر بولمىسام،
قىلامدىم ئادەم ۋە دەرەخكە سالام؟!

*

مەن ئۈچۈن جەننەتتۇر قاۋاق - رېستوران،
چىقمايمەن شۇڭلاشقا بولسىلا ئىمكان.
رازىمەن شۇ ئىبسىل جەننەت ئىچىدە
ھەتتاكى مەي ئۈچۈن بولساممۇ قۇربان.

*

بايرامدۇر مەن ئۈچۈن مەي ئىچكەن كۈنۈم،
كۈندۈزگە ئايلىنار ھەتتا شۇ تۈنۈم.
ۋە لېكىن ئەتىسى بىر كۈن كەچكىچە،
نە ئىشكى، چۈشۈپ كېتەر ئىچىمگە ئۈنۈم.

*

بىلمەيمەن بەزىدە زادىلا شۇنى:
مەينى مەن ئىچتىممۇ ياكى مەي مېنى؟
ناۋادا مەينى مەن ئىچكەن سانالسام،
ئۇنداقتا ئىيتىڭلار مەن ئۆزۈم قېنى!؟

1991—2001 - يىللار، مەكىت

# قۇشقاچ قوشىقى

قار ياغمىسا بىلمەس كىشىلەر،
رەڭگىمىنىڭ تۇم قارىلىقىنى.
رەڭگۇ مەيلى، بىلمەس تېخىمۇ،
يۈرىكىمىنىڭ يارىلىقىنى.
ئەسلىي نەسلىم ئاق قۇشقاچ ئىدى،
بىلەر ھەممە دورىلىقىمنى.
بەرگەن ماكان قىلىپ خۇدايىم،
يەر ۋە - ئاسمان ئارىلىقىنى.
ئۇرۇمچىگە ئۇۋا سالغانتىم،
سۆيۈپ ئۇنىڭ بالىلىقىنى.
ئۆتتى يىللار، ئايلار، پەسىللەر،
ئالماشتۇق كۆپ بوغۇن - نەسىللەر.
تىلەپ كەلدۇق لېكىن ھەممىمىز
بۇ ماكاننىڭ ئامانلىقىنى.
توۋا دەيمەن (تىلەمدىكىنتاڭ،
ئىنسان ئۆزىنىڭ زاۋاللىقىنى؟؟)

بۈزدى ئاخىر مۇھىتنى ۋە ھەم
ھەممە جاننىڭ ئاراملىقىنى.

ئۆرلەر ئۆيدىن، زاۋۇتتىن، كاندىن،
ھەربىر كامار، ھەر تىرىك جاندىن؛
زەھەرلىك گاز، قاپقارا ئىسلار
قىلىپ جاكار «يامان» لىقىنى.
ئاشۇ ئىستا بويىلىپ بىلدىم،
تەبىئەتنىڭ زاۋانلىقىنى.
ئاقلىق نىچۈن بىلدۈرەلمەيدۇ
ئۆز رەڭگىنىڭ جانانلىقىنى؟!
يارالغانمۇ پاكى ئەزەلدىن
يوشۇرۇشقا يارامىلىقىنى!؟
شۇڭا دائىم تاللامدۇ «قارا»
پەقەت «ئاق» تىن قۇربانلىقىنى؟!
بىلەلمىدىم، بىلەرمۇ ئىنسان
بۇنىڭ قانداق جاھانلىقىنى...

قۇربان بولۇپ تۈگىسە ئاقلىق،
ئېتىبارغا ئۆتمىسە پاكلىق؛
بىرلا رەڭدە بويالسا دۇنيا
ئۇنىڭ ئاخىر زامانلىقىنى —

بىلەلمەمدۇ ئەقىللىق ئىنسان
تەقدىرنىڭ گۇمانلىقىنى! ؟
بىلسە نىچۈن توختاتماس يەنە
زامانىۋى نادانلىقىنى؟ !
(بولدى، ھەق سۆز ياقماس قۇلاققا،
ئىنسان ئاقلار تەدانلىقىنى. )
ئايرار ئەمما ئاچچىق رېئاللىق
پاك تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ
قۇدرىتىنىڭ چەندانلىقىنى!

2000 ـ يىلى، يانۋار، ئۈرۈمچى



# روھ ئىقرارنامىسى

چېچەكلىگەچ رەڭسىز روھىمدا
نادانلىقنىڭ نەسلىك مېۋىسى؛
ئۆزۈم خالاپ بولىمەن سارالڭ
تۆت سەر ھاراق ئۇنىڭ دورىسى.

مۇئاۋىنى ئاشۇ دورىنىڭ
ئېلاندىكى جىنجالڭ پىۋىسى.
ئېغىز - بۇرنۇم، كارنىيىممۇ ھەم
تاماكىنىڭ ئوبدان مورىسى.

قانمىغاچقا ئۇلارغا ئەسلا
خروئىننى چەكتىم نەخ - نىسى.
مەن بوغۇلدۇم قات - قات قەرزگە
روناق تاپتى تەتەي سودىسى.

تۇتاشتى ھەر ھۇجەيرەمگىچە
ئازغۇنلۇقنىڭ چەكسىز رىلىسى.
شۇ رىلىستە ئەس - ھوشۇم پايخان،
بولدۇم ئۆزۈم ئۇنىڭ ئولجىسى. . .

2000 - يىلى، ماي، مەكىت

# بىكار تەلەپلەر مارشى

بىكارچى دېمەك بىزنى،
قاۋاقلاردا تۈنەلەيمىز.
نەدە بار دېسە سورۇن،
شۇ يەرگە ئۈنەلەيمىز.

ئىش ئۇقماس دېمەك بىزنى،
تېلېۋىزور كۆرەلەيمىز.
جاننى قىينىماستىنلا،
خوپ ھۇزۇر سۈرەلەيمىز.

كەم ئەقىل دېمەك بىزنى،
سىزگە دەرس بېرەلەيمىز.
قۇرۇق ۋەدە بىلەن خەقتىن،
كۆپ نەپ ئۈندۈرەلەيمىز.

شۇم تەلەت دېمەك بىزنى،
تەبەسسۇمغا چۆمەلەيمىز.

ئالدانغانلارنى كۆرسەك،
ئەخمەق دەپ كۈلەيمىز.

باغرى تاش دېمەك بىزنى،
راھەتنى سۆيەلەيمىز.
گۈزەل جانانە قىزدىنمۇ،
پۇلغا بەك كۆيەلەيمىز.

داپشاق يۈز دېمەك بىزنى،
لەنەتكە كۆنەلەيمىز.
بىكارغا زەھەر بەرسە،
يەپ ھەتتا ئۆلەلەيمىز.

2000 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇل، مەكىت



# قاپىيداش رۇبائىيلار

ياخشى ۋە يامانىنى تونۇپ تۇرىمىز،
ياخشىنى بىمالال يۈنۈپ تۇرىمىز.
ياماندىن يامانلاپ قارغاپ تۇرۇقلۇق،
يەنىلا سوۋغاتلار سۇنۇپ تۇرىمىز.

*

كۈندۈزى شام بولۇپ يورۇپ تۇرىمىز،
كېچىسى تۇگۇلۇپ تۇرۇپ تۇرىمىز.
كىم ئالسا قولىغا بىر تال سەرەڭگە،
«جىم يات!» دەپ بېشىغا ئۇرۇپ تۇرىمىز.

*

شۆھرەتنىڭ شېخىغا قونۇپ تۇرىمىز،
ھەل بىلەن «ھۆسن»گە تولۇپ تۇرىمىز.
سىرتىمىز پارقىراپ تۇرغىنى بىلەن،
ئىچىمىز كۆپىنچە جۇنۇپ تۇرىمىز.

*

ھۆۋقۇشقا ھەر ۋاقىت كۈلۈپ تۇرىمىز،
بۆركۈتنىڭ پېيىنى يۇلۇپ تۇرىمىز.
ياخشىنى تويغۇزۇپ ياخشىلىقىغا،
يامانغا يانتاياق بولۇپ تۇرىمىز.

*

ئۆزىمىز دەرد تارتساق پاراپ[1] تۇرىمىز،
ئۆزگىگە كەلگەندە قاراپ تۇرىمىز.
ئۆزگىمۇ قايتۇرار «ئۆتنە»نى ئەينەن،
شۇڭلاشقا ھەممىمىز خاراپ تۇرىمىز.

*

مەنپەئەت دېسە قول سوزۇپ تۇرىمىز،
(چېتىلغان ساناقسىز كوزۇپتۇرمىز.)
تۇگمىدەك خۇسۇسىي مەنپەئەت ئۇچۇن
تۇگمەندەك گۆھەرنى بۇزۇپ تۇرىمىز.

*

بەر دېسە، ئېچىلماس قۇلۇپتۇرمىز،
ئال دېسە، يىلتىزدىن يۇلۇپ تۇرىمىز.
قالمىغاچ قايتىدىن كۆكلەشكە يىلتىز،
سارغىيىپ ھەممىمىز سولۇپ تۇرىمىز.

*

كۆز ئۇچۇق جاھاننى كۆرۈپ تۇرىمىز،
ناشايان ئىشلارغا كۆنۈپ تۇرىمىز.
نە ئۇچۇن نائەھلى نەسنى ياشنىتىپ،
ياخشىنى ۋاقىتسىز كۆمۈپ تۇرىمىز؟!

*

ھوقۇققا دائىم باش تاراپ تۇرىمىز،
پۇرسەتكە تەلمۈرۈپ ماراپ تۇرىمىز.

---

[1] پاراپ — يەرلىك شېۋە بولۇپ، زارلىنىش مەنىسىدە.

كۆۋرۈكتىن ئۆتسەكلا ئايلىنىپ بۇنقا،
ئادەملىك بابىدا كاملاپ تۇرىمىز.

*

ئۆزىمىز - ئۆزىمىزگە ياراپ تۇرىمىز،
خىيالدا دولقۇن يارغان كاراپتۇرمىز.
ۋە لېكىن رېئاللىقتا ئۇچرىسا بىر قىر،
ئۆتەلمەي بويۇن قىسىپ قاراپ تۇرىمىز.

*

«بۇغداي سۆز» بىزدە جىق، سۆزلەپ تۇرىمىز،
ئەڭ ئېگىز نىشاننى كۆزلەپ تۇرىمىز.
ۋە لېكىن چىقالماي قالساق ناۋادا،
خەقلەرنىڭ دۆڭىنى تۇزلەپ تۇرىمىز.

2000 - يىلى 20 - ئىيۇن، مەكىت



# زىرائەتلەر ھەسرىتى

(ساتىرىك سىكىل)

## مۇقەددىمە

تۇن قاراڭغۇ (يۇلتۇزسىز كېچە)
گۆردەك سۇرلۇك ئاسمان گۇمبىزى.
تۇرۇپ - تۇرۇپ تەۋرەيدۇ زېمىن،
(تالدى بەلكىم ئۇينىڭ مۇڭگۇزى[1]. . . )

ئۆيدىن چىقتىم روھىم سىقىلىپ،
ئەنسىزلىكتە بولغاچقا رەللى.
بارغۇم كەلدى كەڭ ئېتىزلارغا،
ساپ ھاۋادىن ئىزدەپ تەسەللى.

بىراق مەندىن ئىزدەپ تەسەللى،
تۆكۈشتى دەرد بارچە زىرائەت.

---

① زېمىننى كالا مۇڭگۇزىدە كۆتۈرۈپ تۇرارمىش. . . دېگەن رىۋايەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھەسرىتىنى شۇ تىلسىزلارنىڭ
يەتكۈزدۇممەن قىلماي خىيانەت.

كېۋەز:
— تېرىلىمەن يالتىراق بىلەن،
ئۇششاق دانچە ئاق ماياق بىلەن.
ئۇنمەي قالسام (يەر قانماي سۇغا)
تولۇقلاندىم ھەم تاياق بىلەن.

ئۇنەر چاغدا دېھقان بىچارە،
يالتىراقتىن چىقىرار بىر - بىر.
بىراق بوينۇم تۇرغاچ سىقىلىپ،
قېيىپ كېتەر باشلىرىم پىر - پىر.

كەلگەن چاغدا بويۇم بىر غېرىچ،
قۇلىقىمدىن تارتار «تېز ئۆس!» دەپ.
(تۇشمۇ تۇشتىن چاچقان دورىلار،
قۇلىقىدىن تارتتى دېگەن گەپ.)

ئۆسسەم ئەگەر رايىمغا بېقىپ،
يەنە دورا چېچىپ توختىتار.
ئازلا قالدىم ساراڭ بولۇشقا،
مېنى شۇنداق قىيناپ قاقشىتار.

چاچماس چاغدا زەھەر دورىنى،
ئەسلا قۇرت يېمەيتتى مېنى.

قولدا قۇرت تۇتۇپ يوقتىپ،
قانداق توشار ئادەمنىڭ جېنى! ؟

كۆزدە بەتتەر ئەھۋال تېخىمۇ،
قاقشار دېھقان مېنى ساتالماي.
گاھ سارغىيىپ، گاھى كۆكىرىپ،
بوغۇلىمەن دەردتە ياتالماي.

شۇنداق تۇرۇپ زورلار نېمىشقا،
يەنە مېنى كۆپلەپ تېرىشقا؟
يارالغانمۇ دېھقان بىچارە؛
ئېتىزلىقتىن چىقماي قېرىشقا! ؟ . . .

بۇغداي:
— تېرىلىمەن ئىكىن - تۇزگە مەن،
گاھى «يازغا» گاھى «كۇزگە» مەن.
ئوزۇق بولۇپ ئىنسانلار ئۇچۇن،
يەتكۇزگەنتىم ياشنى يۇزگە مەن.

بىراق ھەسرەت ھەمراھ ھەمىشە،
ئاق ئوغۇتقا قالغاندىن بېرى.
ھۇجەيرەمدە ئۆزگەردى سۇپەت،
شۇ ئوغۇتنى سالغاندىن بېرى.

بويۇم ئۆسۈپ كەتكىنى بىلەن،
شامال چىقسا يېتىپ قالىمەن.

خىمىرىمدا نان ياقسا بوگۈن،
ئەتىسلا قېتىپ قالىمەن.

يوغانسىمو غولۇم ۋە دېنىم،
شارنى پۈۋلەپ ئىسلدۇرگەندەك؛
بولدى ئەمما ئەمەلىي رولۇم،
ئۆز تېنىگە يەل كۆچۈرگەندەك.

يەل ئارقىلىق سۈنئىي سەمرىشكە،
كىملەر قارشى، كىملەر بەك ئامراق؟
دەمدىغاندۇ ئاشۇ «ئامراق» لار،
بۇ جاھاندا ياشىسام كەمراق؟ ؟ . . .

قوناق:
— ئالتە ئايدا پىشاتتىم بۇرۇن،
دانلىرىم خىل ئىدى مېغىزدەك.
يوبدان، مونەك . . . ئېتىپ سۈيىنى،
ئىچىشەتتى گويا قىمىزدەك.

دەيتتى مېنى ئات چىشلىق قوناق،
ئات چىشىدەك بولغاچ ھەر دېنىم.
قىسقارتىلىپ ئۈچ ئايغا ئۆمرۈم،
ئاھ، نە قىلاي، قالدى ئاز جېنىم.

جېنى ئازنى ئۇزۇقلۇق قىلسا،
تەھقىق ئادەم ئاجىز بولىدۇ.

بىلىپ تۇرۇپ شۇ ھەقىقەتنى
نىچۈن مېنى جانسىز قويىدۇ؟

ياكى مېنى تېرىشتىن مەقسەت،
دوكلات ئۈچۈن سان ئېلىشتىمۇ؟
(ساننى يالغان يوللاپ يۇقىرىغا،
قۇرۇق شۆھرەت - شان ئېلىشتىمۇ؟)

ساختا شۆھرەت ئۆزگىنى ھەتتا
ئۆز - ئۆزىنى ئالداش ئەمەسمۇ؟
ئۆزىنىمۇ ئالدىغان ئادەم،
ئالۋاستىغا قولداش ئەمەسمۇ!؟

قوغۇن:
— چىلگە، كۆكچى، تەرى، ناشپەر...
تۇغىمەيتتى سانىسا سورتۇم.
يېتىشتۈرگەن مېنى قەدىمدىن
ئانا تارىم - سۆيۈملۈك يۇرتۇم.

تېتىپ باققان تىلىنى تامشىپ،
«ناۋاتمۇ بۇ - شېكەرمۇ؟» دەيتتى.
يۇرتۇم ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا،
چەت ئەلدىمۇ تالىشىپ يەيتتى.

خىمىيىلىك ئوغۇت تېنىمدە،
خىمىيىلىك ئۆزگىرىش قىلدى.

ئېتىم تەمسىز، باش - كۆزۈم زېدە،
سېسسىپ ئۈچەي - باغرىم تېشىلدى.

يىلتىزىمغا كۆمۈلسە بويا،
ئابىھايات بولاتتىم گويا.
ساختىلىقا سېزىك تارتتىمۇ،
نېمە ئۈچۈن ئىنسان كۆز بويا؟! . . .

تاۋۇز:
— قوغۇن بىلەن ئوخشاشقاچ زاتىم،
ئوخشاش ھەسرەت پىغانىم - دادىم.
ئوخشىمىغان بىرلا تەرىپى —
كاۋاكلاشتى ئىچ باغرىم - قاتىم.

پور كۆتەكتەك يوغىنىغان بىلەن،
ئىچىم كاۋاك، تەمىممۇ لاۋزا.
ئاق بولغىنىش ئاسارىتىدىن،
قۇتۇلماسمۇ شەھەرۇ يېزا؟!

شال:
— كۆچۈرۈلگەچ مايسام پاتقاقتا،
شورغا چىداپ ئۆسەتتىم سۇدا.
چىدىمىدىم «ئاق ئالۋاستى» نىڭ
زەھىرىگە، ئاھ، نىتەي خۇدا!

ئاقلىق ئەسلىي سىمۋول ئىدى،
ئاسايىشلىق، ئىزگۈ تىلەككە.
ئىقابلىنىپ ئالۋاستىلار ئاق،
چۈشتى بۈگۈن رەزىل كۆرەككە.

ئادەملەرنى ئازدۇرغان ئاشۇ،
خىرۇئىنىنىڭ چۈمپەردىسى ئاق.
يەرنى، بىزنى بۇلغىغان ئاشۇ،
رەڭلىك ئۇغۇت ھۆسنى ھەم شۇنداق.

ئىقاب بولدى زەھەرگە بۈگۈن،
ئەسلىدىكى گۈزەل رەڭ - بوياق.
ئالتۇن سىمدا ياسالسىمۇ گەر،
قىلتاق دېگەن بەربىر قىلتاق!

ئىشەنمىسە ئادەملەر ئەگەر،
گۈرۈچۈمنى كۆرسۈن سىنچىلاپ.
بىر يىل تۇرا - تۇرماي خالتىدا،
مىتە دېگەن كېتەر مىغىلداپ.

بىرەر خالتا گۈرۈچ دېگەننىڭ،
جەمئىيەتتە كارىغۇ چاغلىق.
بىراق پۈتكۈل جەمئىيەت، جانلىق
تۇپراق، ھاۋا، سۇغىلا باغلىق.

ماڭا پاكىز قۇيۇلغان سۇلار،
ئاق ئوغۇتتىن كېتەر بۇلغىنىپ.
ئېقىپ چىقسا، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر،
ھەسرەت يۇتار ئۇنسىز تولغىنىپ.

چۈنكى ئاشۇ بۇلغانغان سۇلار،
بۇلغار بارچە دەريا ـ كۆللەرنى.
بۇلغار ھەتتا تورغاي ۋەتىنى،
بۇلغانمىغان چەكسىز چۆللەرنى.

شوخلا:
— ئونقاش كەبى جۇلالاپ تۇرغاچ،
ئىسىم قويغان دەپ ماڭا: «شوخلا».
مانا ئەمدى ئىككى كۈندىلا،
ماكچىيىپ مەن بولدۇم ئاق پوتلا.

ئۈچ كۈن قويسا پوتلام كۆكىرىپ،
بەكمۇ بەترەك پاختىلىشىمەن.
ئېيتىڭلارچۇ، ئەي كۆكتاتچىلار،
مەن نېمىشقا ساختىلىشىمەن؟!

سەۋەبىغۇ ماڭا بەك ئېنىق،
(خەقكە سېتىش ئۈچۈن تېرىغان.)
بىر ـ بىرىنى ئالداپ ئادەملەر،
ساختىلىقتا تەڭلا قېرىغان!

توۋا دەيمەن ئادەملەرگە مەن،
ئۆز - ئۆزىنى ئالدار نېمىشقا؟
نېمە ئۈچۈن بەك ئامراق ئۇلار
ئۆزى خالاپ ئاق بولغىنىشقا؟!...

خاتىمە

نۆۋەت ساقلاپ قالغان زىرائەت،
تۇرار ئىدى ھەسرەت تۆكۈشكە.
تاپالمىدىم ھېچبىر يەردىن جاي،
خىجىللىقتا ئەسلا مۆكۈشكە.

راست ئەمەسمۇ ئەزىز دوستلىرىم،
زىرائەتلەر ھەسرەت - نالىسى؟
قاچان قايتار «خالتا كوچا»دىن
خام سۈت ئەمگەن ئادەم بالىسى!؟

1999 - يىلى ئىيۇل، مەكىت، ياخۇمدان



# دېدى . . .

بىر «خوجايىن» بار ئىدى،
«كۆڭلى ـ كۆكسۈم كەڭ» دېدى.
«باي بولۇشتا پۇقرايىم
ئالەمدىكى ئەڭ» دېدى.

لېكىن كېپەز يېرىگە،
«تاپشۇرىسەن لەڭ!» دېدى.
قىرغا كەندىر تېرىسا،
«چەكتىڭ نەشە ـ بەڭ!» دېدى.

«سىزچۇ؟» دېسە چالۋاقاپ،
«ماڭا قويما زەن!» دېدى.
«مەن دېگەن يۇرت ئىگىسى،
ھۆكۈمەتكە تەڭ» دېدى.

لېكىن پۇقرا نان دېسە،
«نان يوق، ھاۋا يەڭ!» دېدى.

«سوراپ قالسا باشقىلار،
گۆش يېگەنمەن دەڭ!» دېدى.

«تاناۋىڭنى تارتىمەن،
راستىنى دېسەڭ!» دېدى.
بالىسىغا ئۆگىتىپ،
«بۇ دېگەن بىر جەڭ» دېدى.

«جەڭ دېگەننىڭ بىرى راست،
توقۇزى سىر - رەڭ» دېدى.
بۇنى ئاڭلاپ بالىسى،
«كۆپ ئىكەن تۆھپەڭ» دېدى.

باشلىقىم بەك كېرىلىپ،
«بول مەندەك ھەررەڭ!» دېدى.
روھىدىكى ئۆسمىنى
پەرداز قىلىپ «مەڭ» دېدى.

بىراق شۇ «مەڭ» ئۇنىڭغا
«بىلسەڭ مەن لەھەڭ!» دېدى.
«دەم تارتىمەن جىسمىڭنى
تۇگىسۇن غەلۋەڭ!» دېدى.

1999 - يىلى ئىيۇل، مەكىت

# بىر ساقىغا

(بىر شائىرغا تەقلىد)

«ئىچ!» دېسەڭلا، «ۋاي خوش» دەپ ئىچىپ بەرسەم بولامتى؟
كېيىنىنى ئۆزۈمنىڭ پىچىپ بەرسەم بولامتى؟!

تۆت پۇتلۇق بوپ كوچىدا دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا
قۇسۇپ ئىشتان ـ كۆڭلەككە يېتىپ بەرسەم بولامتى؟!

«ئوغۇل بالا!» دەپ قويساڭ شاپىلاقلاپ مۇرەمگە،
پىچىقىمنى دوستۇمغا تىقىپ بەرسەم بولامتى؟!

خەلقئالەم ئالدىدا قىلىپ چەكسىز نەپرەتكە،
بۇ جاھاندا بىر ساڭا يېقىپ بەرسەم بولامتى؟!

«قەدەھ قىلاي كاللاڭنىڭ سۆڭىكىنى بەر» دېسەڭ،
بوتۇلكىدا مېڭەمنى چېقىپ بەرسەم بولامتى؟!

«ئۆيۈڭ مۇشۇ، كىرىپ يات!» دېسەڭ گۆرنى كۆرسىتىپ،
ئۆز قولۇمدا ئاغزىنى ئېچىپ بەرسەم بولامتى؟!

مىراس قىلىپ ئەۋلادقا ئاشۇنچىلا ئىللەتنى ــ
قالدۇرۇشقا مىكروبىنى بېقىپ بەرسەم بولامتى؟!

1998 ـ يىلى 2 ـ ئاۋغۇست، مەكىت

# خەت يېگەك شەھەر

بىر شەھەر بار ئۆلكەمدە،
هارماي ـ تالماي خەت يەيدۇ.
خەت ئىگىسى كۈنۈ تۈن،
جاۋاب كۈتۈپ دەرد يەيدۇ.

سېغىنىشنى تۇغقانلار،
خەتكە پۈتۈپ يوللايدۇ.
ئەمما قايتماس جاۋاب خەت،
(سەۋەب تېپىپ گوللايدۇ.)

سالار خەۋەر ـ ماقالە،
ئىختىيارىي مۇخبىرلار.
تاشلار بىراق سېۋەتكە،
خەۋەرگە «مىليونېر» لار.

ئەۋەتىدۇ شائىرلار،
يۈرىكىنى شېئىر قىلىپ.

يەر ئۈنىمۈ سېۋەتلەر،
بىرەر يۈزنى بىر قىلىپ.

پوۋېست، رومان، ھېكايە،
پاتمىسا گەر سېۋەتكە.
شىرە ـ ئىشكاپ تەييياردۇر،
يېيىش ئۈچۈن ئۆچرەتكە.

دېمەك ئاشۇ شەھەرنىڭ،
ھەممە يېرى خەت يەيدۇ.
خەت ئىگىسى كۈنۈ تۈن،
جاۋاب كۈتۈپ دەرد يەيدۇ.

1998 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى



# شەھەر شەجەرىسى

شەھەرلەردە بۇلاق يوق،
(بولسا لىپىمۇ كېتىدۇ).
شەھەر دېگەن بىر قاينام،
بېشىڭ قېيىپ كېتىدۇ.

شەھەر يولى شەمشەردەك،
پۇتۇڭ تېيىپ كېتىدۇ.
يىقىلساڭلا ئەڭنىڭنى،
خەقلەر كىيىپ كېتىدۇ.

شەھەرلەردە تور تولا،
شەيتان بېيىپ كېتىدۇ.
شۇڭا كۆپتۇر كەمبەغەل،
كاززاپ بېيىپ كېتىدۇ.

شەھەرلەردە پۇلنى دەپ،
يارىڭ تېنىپ كېتىدۇ.

شۇنچا ھەممە ـ ھەممىدىن
رايىڭ يېنىپ كېتىدۇ.

شەھەرلەردە ئادەمگە
ئادەم تويۇپ كېتىدۇ .
چۈنكى ئاشۇ «ئادەم» لەر
كۆزۈڭ ئويۇپ كېتىدۇ.

شەھەرلەردە ئىنسابقا،
شەيتان سىيىپ كېتىدۇ.
شۇنچا كۆپلەر قەددى ساق،
قەلبى مېيىپ كېتىدۇ.

1998 ـ يىلى 16 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## خىزىر سۆزلىرى

### بەندىلەر

مېۋە بەرگەن دەرەخكە،
چالما ئاتار بەندىلەر.
ئاپئاق ھالال پاك سۇتكە،
لاي سۇ قاتار بەندىلەر.

شاراب ئۈچۈن قىنىنى
پۇلغا ساتار بەندىلەر.
ئۆزى خالاپ سارالڭ بوپ،
قۇسۇپ ياتار بەندىلەر.

ئامەت كەلسە ئىلىپلا،
بەدەر قاچار بەندىلەر.
ئاپەت كەلسە ئۆزگىگە
دۆڭگەپ چاتار بەندىلەر...

ھەي بەندىلەر ـ بەندىلەر،
نىچۈن خامسۇت ئەمدىلەر؟
ئاشۇ روھىي ئۆسمىنى،
ئەمدى كىممۇ رەندىلەر؟!...

# ئەمەس بەختنىڭ قاۋاقلاردا

ئەجدادىڭ ياشاپ ئۆتكەن،
ئىسىل تەختى راۋاقلاردا.
مەردانە مۇقام تولۇپ،
دۇتار، تەمبۇر، راۋابلاردا.

بەخت - ھۆرلۇك، ئىناق - ئۆملۈك،
تىلەپ سەجدە تاۋاپلاردا.
بەرگەن نى مىراسلارنى،
جىق تارىخى سىناقلاردا.

بىر - بىرلەپ يوقاتتىڭ سەن،
بىراق ئۇنى توزاقلاردا.
بابلاندىڭ تالاي مەرتەم،
قۇرۇق ماختاش چاۋاكلاردا.

ئالدىنىپ چاۋاكلارغا،
مەي ئىچكەچ تاۋاقلاردا؛
بوردالدى نىجىس شەيتان،
ۋۇجۇدۇڭدا - كاۋاكلاردا.

ئەكس ئەتتى تالاي پاجىئە
ئاشۇ ئاچچىق ساۋاقلاردا.
بىل ئەمدى شۇنى ئىنسان،
ئەمەس بەختىڭ قاۋاقلاردا.



# بىر بايغا

كۆمۈر ئالساڭ قالىماي، ساقلاپ ـ ساقلاپ تاش قىلدىڭ،
ئالما ئالساڭ ئارىيەت، قايتۇرۇاردا ماش قىلدىڭ.
ئاچچىق ئاچقان قورساققا، قاتتىق ناننى ئاش قىلدىڭ،
تەرەت قىلساڭ يوغانراق، ئىچىڭنى ئۇۋاش قىلدىڭ.
ئالداپ ئەلنى قەسەمدە، بىلدۈرمەي بۇلاش قىلدىڭ،
شۇنداق تاپقاچ پۇللارنى، خەجلىمەي باغاش قىلدىڭ.
سەندىن ئېشىپ كەتكەننى، كۆرسەڭ مىڭ قارغاش قىلدىڭ،
قارغاپ هارماي لىللانى، مەلئۇنغا ياراش قىلدىڭ.
ئىنساپىڭنى ئەل ئۈچۈن، تېگى تۆشۈك داش قىلدىڭ،
ئوكيانىغا نەپسىڭنىڭ، قىلنى تومۇر ـ قاش قىلدىڭ.
شۇڭا خوتۇن يەڭگۈشلەپ، يىلدىن ـ يىلغا ياش قىلدىڭ،
قاش ـ كۆزىنى چەكتۈرۈپ، بەكمۇ سۇنئىي شاش قىلدىڭ.
بىراق پەرزەنتلىرىڭنى، خار، يېتىم، ياۋاش قىلدىڭ،
قانداق چىداي ئۇلارغا، بىر ياتنى «داداش» قىلدىڭ؟؟
بايىلىڭ ئەقلى ئاشۇمۇ، (رەزىل روهنى پاش قىلدىڭ.)
ئېيتقىن نىچۈن تېنىڭگە، بىر قاپاقنى باش قىلدىڭ؟!

1996 ـ يىلى سېنتەبىر، مەكىت

# ئۆزۈك نەپەسلەر

(ساتىرىك قىتئەلەر)

ئەركىلەر بويىنۇمدا تىكەنلىك بىلەك،
سۆيگۈنىڭ تەپتىدىن مۇزلايدۇ يۈرەك.
ئۇخلايمەن ئۇيقۇنى ئۈزارتىپ ئۆزۈم،
كۆڭۈللۈك كۈيۈمدۇر يىقىملىق خورەك.

*

شۇ قەدەر كۈلكىلىك يېقىملىق نالەم،
ئاڭلىماس (بىر ئەسىر يىراقتا ئالەم.)
ئالەمۇ ئادەمدىن پەرۋايىم پەلەك
ئايرىلماس ھەمراھدۇر ھەمىشە سايەم.

*

نەزىرىم ئەرشكە سالىدۇ ساراي،
ئەرشتىن پەرشكە قانداقمۇ قاراي؟
ۋە لېكىن غەيۋەتكە ئورۇن بار دېسە،
ھەتتاكى كويىقاپ، دوزاخقا باراي!

*

ئىشتىھا ئامبىرى بولۇپ قۇلىقىم،
قىزىيدۇ سۇدىمۇ بىر جۇپ تۇيىقىم.

چاپمەن ئۈستىرا سۈرئىتىدە تېز،
بېشىمدىن چۈشۈپ قالسا مەيلى تۈمىقىم.
*
ئىمتىھان كەپقالدى توشقاندەك تاقلاپ،
نەزمەممۇ تۇرغانتى قۇرغۇيدەك ساقلاپ.
جاۋابىم قۇرغۇيى سوققىن قېنى تېز،
بىچارە توشقانچاق كەتسۇن موللاقلاپ.
*
رىزقىنى قارماققا تاپشۇرغان بېلىق،
پىلتىڭلار خۇشلۇقتا كارنىيى يېرىق.
قارماققۇ بارمىغان كارناي ئالدىغا،
يەمنى دەپ كارنايىنىڭ كەلگىنى ئېنىق.
*
شائىرلار شېكەردەك نەشتەر تىلىڭلار،
تىل ـ دەشنام ياغقاندا خوش بوپ كۈلۈڭلار.
تىلەيمەن خالىماي ئازاب سىلەرگە،
ئۆتمىسۇن راھەتتە ھېچبىر كۈنۈڭلار.
*
ئەلۋىدا ئەس ـ ھوشۇم كەتتىڭ قاياققا،
لايىققۇ سەن شۇ تاپ تالاي تاياققا.
سەنسىز مەن قەيەردىن ئىزدەيمەن نەزمە،
بولدى قوي قايتىپ كەل تېزدىن بۇياققا.
*
نىزىقاپ نېسىۋەم تۈنەر تۈنلەردە،
كۆزلىرىم ئۇپئۇچۇق ئۇخلار كۈنلەردە.

قىلىمەن قاباھەت بەختىمنى بايان،
كۆلكىدىن تۆكۆلگەن دەردلىك ئۆنلەردە.
*
ئاھ ئۇرۇپ، كۆلىمەن، ئۆكسۈپ، ۋالاقلاپ،
يۈرىكىم چاپىدۇ تىنماي پالاقلاپ.
ئوقۇيمەن ھەر كېچە ئاچماي كۆزۈمنى،
يەتتە قات ئاسماننى بىر - بىر ۋاراقلاپ.
*
لاۋۇلدار مىلڭ يالقۇن گەجگەمدە ئىستەك،
پارقىرار تەپتىدىن يۈزلىرىم مىستەك.
چاپىمەن ئىزىمدا تۇرۇپلا جىمجىت،
ئارقىغا ئۇچقاندەك چاپقان رىھلىستەك.
*
ئۇپرىماس كۆلكىلەر بىلەپ قويغانغا،
يىغلىماس سۇمۇ ھەم پالاق ئۇرغانغا.
كۆلەيلى ھۆركىرەپ كۆزلەرنى ياشلاپ،
شائىرلار قەھرىلىك بەزمە قۇرغانغا.
*
دەس تۇرۇپ پۇتلىرى قوۋۇشقان ئاتتەك،
يالتىراق تۆمۇرنى چىرتكەن داتتەك.
قىلايلى سۆيۈلۈپ گازدەك تەنتەنە،
دۇمبىقى يىرتىلغان ھەيۋەت پاراتتەك.
*
غەلۋىردە تۇرمايدۇ غەم يېمەس غايەم،
سائىلدا سەگىدەر سۆيۈملۈك سايەم.

شەكىلسىز شۆھرەتتۇر شەرەپلىك شەرتىم،
رەقىبىم غەلىبىسى ماڭا ھەم ئايەم.

*

يازدا قار، قىش كۈنى يامغۇر تىلەيمەن،
يۈرەكنى يالقۇندا يۆگەپ بىلەيمەن.
ئۈپرىغان ئۈيقۇچان ئورۇق ئۈمىدنى،
بوتۇلكا بۆشۈكىگە باجىسىز بۆلەيمەن.

*

خۇشۇم يوق خەقىشلىك خەندان خور بىلەن،
كۈيۈمنى دۈملەيمەن ھۆرسىز ھور بىلەن.
ياشايمەن ياخشىنى ياراتماي يانا،
دىگۋارمۇ تۈزمەيمەن گۈلدەك گۆر بىلەن.

*

قىپقىزىل قىنىمغا قارا رەڭ قېتىپ،
ئاپىرىپ كۈندۈزگە كۆپ پۇلغا سېتىپ.
باي بولۇپ بارچىدىن بورداپ ئۆزۈمنى،
ياتىمەن ئۈيقۇمنىڭ تەمىنى تېتىپ.

*

سالغاندا رەقىبلەر بوينۇمغا گىرە،
سېپىمەن سايەمگە مەززىلىك زىرە.
بۇرۇنتۇم بار بولغاچ بۇرنۇم بەك سەزگۈر،
ۋە لېكىن كۈندۈزدە كۆرىمەن خىرە.

*

ھاياتىم كىرىدۇ پات - پات چۈشۈمگە،
بېرىمەن جېنىمنى ئاڭا ئۆسۈمگە.

قانماستىن قاراڭغۇ ئۆيگە قارىقىم،
تىنىمسىز تارتىدۇ رەڭسىز رەسىمگە.
*
ئىزدەيمەن بەختىمنى بەختتىن قېچىپ،
تىلەيمەن ئۆمرۈمنى ۋاقىتنى چېچىپ.
ئالىدۇ دەرد ـ ئەلەم ئىززەتلەپ قارشى،
ھەمىشە ھاياسىز خۇشچىراي ئېچىپ.
*
ۋىجدانىم ۋاقىتلىق ۋاپادىن ۋاشاڭ،
قوللىماس قەرزدار قاتىلىم قاشاڭ.
گۇۋاھدۇر گۇمرانسىز گۆدەك گۇناھىم،
باياشات باتۇرمەن بىناۋا، بوشاڭ.
*
قىزىتمام ئۆرلىسە تونۇردا سەگىپ،
ماڭىمەن تۇز يولدا توختىماي ئەگىپ.
ئالدىمنى قىلماستىن ئەتىگە ئەتەي،
ياشايمەن پەقەتلا ئۆتمۈشنى ئەگىپ.



# قەلەم ھەققىنىڭ بايانى

قەلەم بىلەن قىتىلغاچ
ئىسمىم بەكمۇ چىرايلىق.
ئىمجان جىسمىم ۋە لېكىن
شۇ ئىسىمغا نالايىق.
بايان قىلاي ئەرزىمنى
ئاڭلاڭ قېنى خالايىق.

ئاددىي بىر بەت سالام خەت
قانداق تەستە پۈتىدۇ؟
شۇنداق خەتنى يازدۇرغان
بۇنى ئوبدان بىلىدۇ.
شۇڭا شۇئان «كۆڭلى» نى
پۈتۈكچىگە تۈتىدۇ.

بىراق ئەسەر يازغانغا
كىم تۈتۈپتۇ «كۆڭلى» نى؟
ياراتمايدۇ سۆيگىنى

ھەتتا ئۇنىڭ ئەگلىنى؛
«بۇ سۆز راستمۇ» دېسەڭلا
گۇۋاھ قىلاي تەگرىنى!

يازار ئەسەر ئەل ئۇچۇن
ئالىم، شائىر، ئىنژېنېر...
ھەربىر پىكىر، ھەر سۆزنى
قىلىپ تەھلىل بىرمۇبىر
پۇتەر چاچلار ئاقىرىپ
قان قايغاندا بىر شېئىر.

تۇرار تەھرىر ئالدىدا
بويۇن قىسىپ نەچچە ئاي.
يولغا سالار جىقىنى
دەپ: «ئالغىن سەن گۆردىن جاي!»
ئاز بىر قىسمى سىلەرگە
ئاچار بەتتە خۇشچىراي.

قالار ئاپتور ئاشۇ چاغ
مىنى غۇۋا ياد ئېتىپ.
ھاردۇق يەتكەن قەلبىنى
ئۇمىد بىرلە شاد ئېتىپ.
كۆتە - كۆتە ئاخىرى
يازمۇ كېلەر قىش كېتىپ.

بىرىلمىگەچ يول خېتى
مەن سولاقتا ياتىمەن.
(نامىم يوغان بولسىمۇ
تارتىمغىلا پاتىمەن.)
قۇربانى بوپ ھوقۇقنىڭ
ئابرۇيۇمنى ساتىمەن.

مەدىكارمۇ ھەر كۈنى
پۇلىنى نەق ئالىدۇ.
ئەمما قەلەم نە ئۈچۈن
ھەقتىن قۇرۇق قالىدۇ؟!
مېنى ئاشۇ ھەق سوئال
دائىم ئويغا سالىدۇ.

تەگسەم ئاپتور قولىغا
ياداپ بەكمۇ ھالسىراپ.
كېلەر بەش - ئون دوستلىرى
شۇئان ئۇندىن ھال سوراپ.
«يۇيۇپ» مېنى تۈگىتەر
ئۇلار ئىچكەن مەي - شاراب.

ھەققى تۇرۇپ قەلەمنىڭ
مەن ئىگەمگە ئاشمايمەن.
خىجىللىقتا نە ئۈچۈن
ھەيھات، قايناپ - تاشمايمەن؟!

ئاڭلاڭ قېنى خالايىق
سوئالىم بار تاشلايمەن.

مەندەك «قەلەم ھەققى» گە
بىر تال قەلەم كېلەمدۇ؟
بۇنى ئاڭلاپ «بىڭگورچى»
قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلەمدۇ؟
قاپلاپ «بىڭگور» بازارنى
قەلەم قېرىپ ئۆلەمدۇ؟!

قەلەم سىمۋول نېمىگە
ئەي چوڭ ئامبال بىلەمسىز؟
بىڭگور بىلەن ئەل - ۋەتەن
قۇدرەت تاپار دەلەمسىز؟!
نۇرلىنامدۇ كېلەچەك
ئىلىم - پەنسىز، قەلەمسىز؟!

يېزىش ئۈچۈن قەلەمگە
سىياھ كېرەك، ھەق كېرەك.
سىزگە ئوخشاش ئاغا ھەم
نېسى ئەمەس نەق كېرەك.
قانۇن بەرگەن ھوقۇقنى
قىلار ھەممە خەق كېرەك!

ئاشۇ قانۇن ـ ھوقۇقتا
بار مېنىڭمۇ ئۆلچىمىم.
لېكىن ئىجرا بولماي ئۇ
قالدى تالايلاپ كىمىم.
ئېيتىڭلارچۇ خالايىق
قاچان توگەر بۇ غېمىم؟!

1996 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇن، مەكىت



# مەيخورلار مارشى

قورال قىلىپ چوكىنى، بومبا قىلىپ شىشىنى،
رۈمكا بىلەن ئاتىمىز.
ئاكوپ قىلىپ ئىرىقنى، تولدۇرالماي يىرىقنى،
يول بويىدا ياتىمىز.

نەدە قانداق ئوق تەگدى، كىملەرگە گۆش لوقتەگدى؟
ئويلاپ غەمگە پاتىمىز.
تاشلاپ ئاخىر غەملەرنى، ئىزدەپ شۇ دەم «كەم» لەرنى،
قاۋاقتىلا چاپىمىز.

قۇلاق سالماي ئەرزگە، پەرۋا قىلماي قەرزگە،
ناشتىغىلا قاقىمىز.
بىر ئىستاكان مەي بىلەن (بەزى قۇرۇق قەي بىلەن)
«چىشى» نىمۇ چاقىمىز.

قايتا جەڭگە كىرەلمەي، تۈز يوللاردا يۈرەلمەي،
يەنە «ئاكوپ» تاپىمىز.
ئاكوپتا بىر ياتقانچە (بىر ئىستاكان ئاتقانچە)
پولات بولۇپ قاتىمىز.

(باشقىلاردەك بىلى بوش، بوينى يۇمشاق-چالاگوش)
ئەمەس ئۇنداق لاتا بىز!
پىرىمىز بار ھەييامدەك، كۆڭلى باھار ئەييامدەك،
شۇنداق ئۇلۇغ زاتىمىز.

زاتىمىزدىن تاناماستىن، مەيگە مەڭگۈ قاناماستىن
ھەتتا جاننى ساتىمىز.
كىم ئالايسا بىزلەرگە، جاكادۇر بۇ سىزلەرگە.
تاناۋىنى نارتىمىز!
بىلسىڭىز دەل شۇڭلاشقا (سىزدەكلەرنى ئوڭلاشقا)
مانا ئىچىۋاتىمىز...

1995 ـ يىلى 14 ـ دېكابىر، مەكىت

# قانۇننىڭ سۆزى

ئىسمىم بەكمۇ ھەيۋەتلىك،
دالالەتلىك ـ دەۋەتلىك.
تىلىۋىزوردا، گېزىتتە
يوقتۇر مەندەك سۆلەتلىك.
ھەممە تىلدا زىكرىمەن،
بۇ جەھەتتە ئامەتلىك.
تۇرلىرىممۇ كۆپەيدى،
(بولدۇم جەددى ـ جەمەتلىك.)
شۇڭا تۇۋلار يىغىندا
دەپ: «بىز بەك دىيانەتلىك.
قانۇن ـ دۆلەت تۈۋرۈكى
جاندىن ئەزىز قىممەتلىك.
باشقۇرىمىز دۆلەتنى
قانۇنغا ئىتائەتلىك.
جازالاپ بىز كىمدە ـ كىم
بوپقالسا خىيانەتلىك؛
تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ
تىكلەيمىز ئادالەتلىك...»

بىراق يىغىن تۈگىسە
بولماس ئۇ سۆز سائەتلىك.
مەن ئىشكاپتا قالىمەن
باشلىنىدۇ چۆپقەتلىك.
چۆپقەت دېگەن، رەھبەرگە
مەندىن شانۇ شەۋكەتلىك.
تەستىقلايدۇ چۆپقەتكە
ھەر نەرسىنى تىلخەتلىك.
چۈنكى چۆپقەت شۇ «خەت» كە
پۇل تاشلايدۇ غەيرەتلىك.
شۇ پۇل بوغقاچ گېلىمدىن
ئىمجاندۇرمەن ھەسرەتلىك.
ئىمجان نەرسە ئامالسىز
بولار ئىكەن تاقەتلىك.
تاقەت قانچە ئۇزارسا
ئۇ مەن ئۈچۈن ئاپەتلىك!
ئەنسىرەيمەن ئاپەتلەر،
كىمنى قىلسا لەنەتلىك؛
لەنەتلەرگە كۆمۈلگەن
ئۆمۈر بويى غەم - دەردلىك.
قارغاش ئەمەس راست سۆز بۇ
مىسال كۆپقۇ ئىبرەتلىك.
ئىبرەتلەرنى كۆرمىگەن
مەغرۇرلاشقان نامەردلىك!

نامەرد گەرچە بىر مەھەل
بولسىمۇ ھەم دۆلەتلىك؛
باسار ئۇنى ئاخىرى
قاباھەتلىك، غەپلەتلىك.
چۈنكى نامەرد ئەزەلدىن
بولغاچ رەزىل ئادەتلىك؛
خەلقىئالەم ئالدىدا
تا مەڭگۈگە نەپرەتلىك!
غەپلەت، نەپرەت باسقانلار
بولسا قانچە قامەتلىك؛
تۈيماستىنلا بىر كۈنى
كېتەر بولۇپ رەھمەتلىك.
شۇڭا مېنى تۈزگەنلەر
ئىجرا قىلىڭ جۈرئەتلىك.
سىقسا گالدىن پۇل، ھوقۇق
قانداق بولاي قۇدرەتلىك؟!
ئاشسا مېنىڭ قۇدرىتىم
سىز تېخىمۇ ھۆرمەتلىك.
ياشار ئەلمۇ خاتىرجەم
ئەنە شۇ چاغ راھەتلىك.
مېنىڭ ئېيتار سۆزۈم شۇ
ھازىرلىق ھەم ئەبەدلىك.

1995 ـ يىلى دېكابىر، مەكىت

# ھۇنەرۋەنلەرگە

## مۇقەددىمە

ھۇنەرۋەنلەر كېلىڭلار،
ئۆزۈڭلارنى كۆرۈڭلار.
كۆرۈپ «لىللا ئەينەك» تىن
«قارا» نەدە، بىلىڭلار.

ھەق گەپ قىلدىم ئەل ئۈچۈن،
ئاغرىسىمۇ دىلىڭلار.
ياخشى دورا ئاچچىقتۇر،
شۇ دورىغا كۆنۈڭلار.

مەيلى ھازىر رەنجىشىپ،
كېرىلسىمۇ گېلىڭلار؛
رازى بولۇپ ئاخىرى
چۈشەنگەندە كۈلۈڭلار...

ئاشپەزگە:
ئاشپەز ئۇستام دۇكاندا،
بىر داس يۇندا تۇرامدۇ؟
نىمكا باللار ئۇنىڭدا
قاچا ـ قۇچا يۇيامدۇ؟

شۇ قاچىغا ئاش ئۇسۇپ،
خېرىدارغا قويامدۇ؟
شۇنداق قىلسا ۋە ياكى
قورساق بەكرەك تويامدۇ؟

قورساقنى دەپ ھۈنەرۋەن
ئەلگە توزاق قۇرامدۇ؟
ئويلاپ بېقىڭ بۇ ئىشقا
ۋىجدانىڭىز ئۇنامدۇ؟؟

سەيپۇڭغا:
نەچچە ياندىم تاپالماي،
سەيپۇڭ ئۇستام بارمۇسىز؟
ۋەدە باشقا، ئىش باشقا،
جىڭمۇ ياكى جامۇسىز؟

خېرىدارنى ئالداشتا
سېھىرگەر ھەييارمۇسىز؟
ھازىر بارتى، ئەمدى يوق...
دەيدۇ، بىر ئەرۋاھمۇ سىز!؟

تاپسام سۆزلەپ هارمايسىز،
قوشۇمچە مەدداھمۇ سىز؟
قايتۇرامسىز يەنە شۇ
گەپ بىلەن بۇدامۇ سىز!؟

ياغاچچىغا:
هۈنەرۋەنلەر ئىچىدە
خېلى داڭلىق بىر بايسىز.
نەزىرىڭىز بەك ئۈستۈن
ئۈششاق ئىشنى تۇتمايسىز.

ئىش ئالسىڭىز ناۋادا
تۇرۇم تۇتماي مىقلايسىز.
ئىش ئىگىسى كۆرمىسە
بىر بۇلۇڭدا ئۇخلايسىز.

ئەمما پۇلغا كەلگەندە
سىنتىنى كەم ئالمايسىز.
ئېلىپ ئالدىن بار پۇلنى
ئەتىسلا چىقمايسىز.

«بىر ئايلىقكەن» دېگەن ئىش،
پۈتمەس ھەرگىز ئۇن ئايسىز.
ئۇن ئايغىچە يۈز يەردە
«ياغاچ قازان» ياسايسىز.

سىتىشتا شۇ قازاننى
ئاتىڭىزدىن يانمايسىز.
دېمەك ئاشۇ «ھۈنەر» دە،
شەيتانغىمۇ يارايسىز.

بىراق ئۇستام ئەل - يۇرتقا،
قايسى يۈزدە قارايسىز؟
شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا
باشقا بىر نام ئالمايسىز؟!

شالچىغا:
شالچى ئۇستام ئەسلىدە،
سىز ياغاچچى ئىدىڭىز.
ئۆيىڭىزدا شالچىلىق
ئاسانمىكىن دېدىڭىز.

شۇندىن بېرى توك بىلەن
شال تىلىپلا يۈردىڭىز.
پۇلنى ئايرىم ئېلىپمۇ
چاپان شالنى يېدىڭىز.

ياغاچ - شالنى يېيىشكە
ياكى ھەرىمىدىڭىز؟
پەخەس بولۇڭ ياغاچ يەپ
زورايمىسۇن زېدىڭىز.

شوپۇرغا:
ئۇستام سىزچە يولۇچى
خۇمداندىكى كېسەكمۇ؟
قاچىلايسىز كېسەكتەك
ئورنۇم قېنى؟ دېسەكمۇ.

تولۇپ كەتكەن تۇرسا لىق،
ئىشىك، رامۇ كېشەكمۇ؟!
توختايسىز باش قاشلاشقا
ھەتتا قول كۆتۈرسەكمۇ.

پۇلىڭىزغا كۆڭەكچە
يولغا قويغان جىسەكمۇ؟!
كارى يوقكەن بىز بىلەن
قىستىلىشىپ ئۆلسەكمۇ.

ئۆلسەك سىزگە كۆپ زىيان،
تۆلىتىلەر مىشەكمۇ.
دەمسىز ياكى «رازىمەن ـ
مىشەك مانتا يېسەكمۇ...»!؟

تامچىغا:
تامچى ئۇستام تېمىڭىز
مۇشۇ يىلدا پۈتەمدۇ؟
ھەممە تامچى تېمىنى
چالا تاشلاپ كېتەمدۇ؟

تۆت ـ بەش يەردىن ئىش تۇتۇپ،
بىر جىنىڭىز يېتەمدۇ؟
ئۆي ئىگىسى تىت ـ تىت بوپ
ھەر كۈن سىزنى كۈتەمدۇ؟

بۇ ياز كەتسە، قىشىچە،
ساتما ياساپ ئۆتەمدۇ؟
ھۈنەرۋەنمۇ ئاشۇنداق
خەقنى بوزەك ئېتەمدۇ؟

## خاتىمە

ھۈنەرۋەنلەر يالغاننى
كەسپىڭلارغا قاتماڭلار.
قولنىڭ كىرى پۇل ئۈچۈن
يۈزۈڭلارنى ساتماڭلار.

ئۆزۈڭلارنى چاغلىماي،
پونى يوغان ئاتماڭلار.
پوچىلىقنىڭ نىجاسەت
ئازگىلىغا پاتماڭلار.

يالغاننى ھەم ساختىنى
ھۈنەرگە ھېچ قاتماڭلار.
ھۈنەر دېگەن بىر گۆھەر،
گۆھەر بىلەن چاقناڭلار!

1993 ـ يىلى ئاۋغۇست، مەكىت

## پەرز ۋە قەرز

كىرىپ كەلدى ئۆيگە تۆت مېھمان،
چۈشتىن كېيىن سائەت بەش بىلەن.
كۆرپە سالدى ساھىبخان تۆرگە،
چىقتى ئۇلار مەينەت كەش بىلەن.

يۇقتى ئەتلەس كۆرپە يۈزىگە،
كەش ئىپكەلگەن نىجىس تېزەكلەر.
بولغاندى ئاھ، نازىنىن قىزلار –
ئىشلىگەن گۈل، رەڭدار بېزەكلەر.

بولغاچ كۆرپە بىچارە تىلسىز،
ئىسسىق – ئىسسىق ياش ئالدى كۆزگە.
چىدىماستىن بۇ ھالغا قەلەم،
كۆرپە ئۈچۈن ئاتلاندى سۆزگە:

— ھەي ھۆرمەتلىك، قەدىر – قىممەتلىك،
ئىززەت تاپقان ئېزىز تۆت مېھمان؛
ئېيتىڭلارچۇ قېنى ئۆزۈڭلار –
ئەقىللىقمۇ ۋە يا دۆت مېھمان؟!

مېھمانلارنى ئىززەتلەش، كۈتۈش،
ساھىبخانغا سانالسا پەرز؛
ساھىبخاننى ھۆرمەتلەشمۇ ھەم
مېھمان ئۈچۈن ئەمەسمۇ قەرز؟!

ساھىبخاننىڭ سالغان كۆرپىسى،
مېھمان ئۈچۈن ئىززەت ئەمەسمۇ؟
شۇ ئىززەتنى دەپسەندە قىلىش،
ئەقەللىيسى - بەك سەت ئەمەسمۇ؟!

كۆرپە بىلەن تۇپىنىڭ - يەرنىڭ،
بىلمەمسىلەر پەرقىنى ياكى؟
ئۆزگەرمەمدۇ بۇ قوپال ئادەت،
سىلەر گۆرگە كىرگۈچە تاكى!؟

ئەپسۇس،
گۆردە ھېچبىر مۇسۇلمان،
كەشى بىلەن ياتمايدۇ ھەرگىز.
ئۆزگەرتەيلى ناچار ئادەتنى،
ئەي ئەقىللىق مېھمانلار بىز تېز!!!

1992 - يىلى، مەكىت

# سەككىز سۇرىتىم

(ساتىرىك داستان)

## مۇقەددىمە

تاشلاش ئۇچۇن كۆنگەن شۇ ئىللىتىمنى،
بىر كۆرستەي يېرىپ يۈرەك قېتىمنى.
سورىماڭلار لېكىن نامۇ ئېتىمنى،
تەقدىم قىلدىم سەككىز تال سۇرىتىمنى،
مەن ئاشۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن:

## 1

ئىسى ـ يادىم ھوقۇقۇمنى ساقلاشتا،
چىڭ تۇرىمەن شۇڭا چوڭنى ياقلاشتا.
كۇنۇم ئۆتەر تەزىم بىلەن ماختاشتا،
ئۇ ئاقمىسا داستىخاندا «پاقلاش» تا
ئىش توغرىلاپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ھوقۇق ئۈچۈن مەن ھەممىنى گوللايمەن،
يۇقىرىغا سانىنى يالغان يوللايمەن.
تەكشۈرسە گەر، يانچۇقىنى تومليمەن،
شۇنداق قىلىپ ئۆز - ئۆزۈمنى قولليمەن،
مەن قوللاپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

«پىچاق» بەرسە قورقماي دادىل كەسمەيمەن،
مۇزاكىرە قىپ بولالماي ئەسنەيمەن.
شۇنداق قىلىپ ھېچ قورساقنى ئەسمەيمەن،
ئىرادەم چىڭ ئەمما بەلنى يەشمەيمەن،
شۇ ئۇسۇلغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پاكلىق دېسە سۆزلەپ - سۆزلەپ ھارمايمەن،
كەلسە - كەلمەس سوۋغا - سالام ئالمايمەن.
نەپ چىقمىغان يەرگە ئەمما بارمايمەن،
يەڭ ئىچىدە بەرسە ھەرگىز يانمايمەن،
سودىلىشىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەزى ياتتىم بالنىتسلاردا تەن ئۈچۈن،
(كىشى بىلمىسۇن، ئىككى بولاق قەن ئۈچۈن.)
دېسەممۇ گەر ئاغزىمدا «ۋەتەن ئۈچۈن...»
ھوقۇق ئەلا ھەممىدىنمۇ مەن ئۈچۈن،
ھوقۇققىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

نېمە؟ «ساڭا مىڭلاپ لەنەت!...» دەيدىغۇ؟
مەن بىر مەجنۇن، ھوقۇق خۇددى لەيلىغۇ.

مەن ئۆسسەملا خەق نىم بولسا مەيلىغۇ،
مانا بۇ سۆز مەندەكلەرنىڭ پەيلىغۇ،
پەيلىم شۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ھېچ غېمىم يوق جاھاننى سۇ باسسىمۇ،
ئاپەتلەردىن ئەلنىڭ بېشى قاتسىمۇ.
كۈن ئالالماي يۇرتنى تاشلاپ قاچسىمۇ،
ماڭا ئۇلار قانچە گۇناھ ئارتسىمۇ،
ھېچ غېمىم يوق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

چۇجاڭ، ھاكىم، ۋالىيلىققا ئۆسكۈچە،
ئۆسسەم دەيمەن تاكى داھىي بولغۇچە.
ئۆتەرمەنمۇ شۇ ئارماندا ئۆلگۈچە؟
(ئاھ، چۇشۇمگە بىر كىرسىچۇ بۇ كېچە...)
تەمە قىلىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

2

چوڭ مەسچىتنىڭ بېقىنىدا مەھەللەم بار،
كىشى كۆرسە ئەيمەنگۈدەك سەللەم بار.
شۇڭا دائىم قولتۇقۇمدا زەللەم بار،
چاپتۇرۇشقا ئاتلارنى ھەم «چەللەم» بار،
زەللىلەرگە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

قويۇۋېلىپ كۆركەم ساقال ـ بۇرۇتنى،
كەم قىلماستىن تىلدىن دائىم دۇرۇتنى،

مەن توپلىدىم كۆپ ئىخلاسمەن مۇرتنى،
خەق بىلمىسۇن دىلىمدىكى قۇرتنى،
شۇ قۇرتقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

سورۇن بولسا چىقسام دەيمەن تۆرىگە،
گۆش كەلمەيدۇ قۇرۇق ئايەت ـ سۇرىگە.
راست گەپ قىلسام نەپسىم ئوخشار بۆرىگە،
(نىچۇن باغاق بەردىكىن پەس چۆرىگە؟ . . . )
قىزغىنىپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

خۇدا مىنىڭ مۇھاپىزەت قالقىنىم،
بىلىنمەيدۇ شۇڭا جەرى سالغىنىم.
ماڭا لازىم شۇ باندا ئالغىنىم،
(يۇمۇلمايدۇ سىرتىغا ھېچ ئالقىنىم،)
ئېلىشقىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

«يامان»، «گۇناھ» دەپ چىتلايمەن يوللارنى،
رام قىلىمەن شۇ ئۇسۇلدا گوللارنى.
چۇشۇرمەستىن دۇئادىن ھېچ قوللارنى،
يىغىۋالدىم «ھەجگە» دەپ كۆپ دوللارنى،
شۇ دوللارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

«داۋالايمەن. . .» دەپ كېسەلنى ـ ئاپەتنى،
ساتتىم پۇلغا ئەرەبچە كۆپ ئايەتنى .
خەقكە تېگىپ ئۇ دۇنيانى ـ «راھەت» نى،

سۆيدۇم ئۆزۈم كەلگەن نەخ ھالاۋەتنى،
ھالاۋەتكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەسچىتلەردە ساۋابلىقنى سۆزلەيمەن،
لېكىن ئۆزۈم نەپ بولسا دەپ كۆزلەيمەن.
بىرەر ئۆزى - (ھېچ كىشىنى ئەزمەيمەن، )
شۇڭا مۇشۇ يولدىن پەقەت بەزمەيمەن،
شۇ يولۇمغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

3

چىن ئەركەكتەك مەي ئىچمەن تاۋاقتا،
ئۆيدە ئەمەس كوچىلاردا قاۋاقتا.
بەزى قونۇپ قالىمەن شۇ «راۋاق» تا،
(كېتىپ بولاي ئۆيگە ئەمدى نەۋاقتا؟ )
«راۋاق» لارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

خەق نېم دېسە دەۋەرمەمدۇ، كارىم يوق،
مەيدىن ئۆزگە ئامرىقىم يوق، يارىم يوق.
ئىچمىسەم ھېچ تۇرالمايمەن چارەم يوق،
ئىچىۋېلىپ چالدىم گىتار تارىم يوق،
مەن كارىم يوق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كۈندە بىرىپ سەجدە قىلىپ قاۋاققا،
ئىقبالىمنى تېگىشمەن ھاراققا.

ئۈر ۋشمەن تارتسا ئۆيدە سوراقفا،
قورقمايمەن ھەم ئېلىنسامىمۇ قاماققا،
شۇنداق قورقماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

دەيدۇ تېخى: «ئىسىت، سېنىڭ مەستلىكىڭ!
هاراقتىندۇر بىلسەڭ مۇشۇ پەسلىكىڭ.
ئوڭشىلارمۇ شۇ ئادەم ئەمەسلىكىڭ؟
قاچان تۈگەر بالا - قازا نەسلىكىڭ؟!...»
مەستلىكىمگە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەن دەيمەنكى - بەختىم مېنىڭ شارابتا،
نېمە لەززەت مەيسىز ملىڭ جىلڭ كاۋاپتا؟
قەدەھ ياساپ چېقىپ تەمبۇر - راۋابتا،
مەي ئىچمەن بارسام ھەجگە، تاۋاپتا،
ئىچىشكىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىر ئىجادىم - ئويۇم بارتى، قېنى دەي:
تومۇر ۋمدا قېنىم ئەمەس ئاقسا مەي؛
ئەنە شۇ چاغ قىلماس ئىدىم زادى قەي،
يېمەس ئىدىم زاكۇسكىغا گۆشۇ، سەي...
مەن ئىجادكار كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەي تۈپەيلى بولسام مەيلى ئۆيسىز، تۇل،
مەيلى بولسۇن كىيىملىرىم جۇلۇ جۇل؛
قەرز ئېلىپ ئىچىمەن بولمىسا پۇل،

مەن ياشايمەن بولۇپ شۇنداق مەيگە قۇل،
قۇللۇقۇمغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەي دېگەنلىك ـ مېنىڭ قېنىم، يىلىكىم،
مەي ئىچمىسەم مېنىڭ نېمە كېرىكىم؟
ھېساب ئەمەس چىلاشمىسا يۈرىكىم،
شۇڭا مەستۇر ھەتتا ئارزۇ ـ تىلىكىم،
مەست تىلەككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

4

«جاھان ئاشۇ. . .» دەيمەن قۇدۇق ئاغزىنى،
چىڭ تاقايمەن شۇڭا ئىشىك ـ داۋزىنى،
ئايرىمايمەن لەزىز بىلەن لاۋزىنى،
ياقتۇرمايمەن، چېلىش، بەيگە، ھاۋزىنى،
قۇدۇققىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

قالدۇرىمەن ھەممە ئىشنى ئەتىگە،
بەكمۇ ۋاپا قىپ كەتمەيمەن ۋەدىگە.
ئۆزۈم ئامراق يېڭى چىققان پەدىگە،
قىلچە پەرۋا قىلمايمەن خەق دەردىگە،
مەن پەرۋاسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەزىلەر تاڭ، غايە ـ پايە دەيدىكەن،
ئۆزلىرىچە ئەل غېمىنى يەيدىكەن.

(ئىككى پۈتى بىر ئۆتۈكتە ـ خەيدىكەن. . . )
تۇۋا دەيمەن، دۆت ئىكەن، بىلمەيدىكەن،
مەن ئەقىللىق كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

پۈرسەت تاپسام تىرىكلەرنى قەسلەيمەن،①
يىقىتسام گەر، پاتىڭىغا دەسسەيمەن.
ئۆلگەنلەرنى رەھمەتلىك دەپ ②ئەسلەيمەن.
بەلدىن ئاقنى ئۈزۈنغىچە يەشمەيمەن،
قەستلەپ ـ ئەسلەپ كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

ئىشىم بەك كۆپ، زادى بىكار ياتمايمەن،
يىغىر تاپسام كوچىلايمەن ـ تاتلايمەن.
ئەل دىگەننىڭ گەجگىسىدىن ئاتلايمەن،
باشلىق كۆرسەم بەلنى پۈكلەپ قاتلايمەن،
قاتلىنىشقا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

بەك «ئاق»لارغا قارا ـ قۇرا چاپلايمەن،
«قارا»لارنى پات ـ پات ئۇتقا قاقلايمەن.
«يىشىل»، «سىرىق»لارنىمۇ ھەم بابلايمەن،
شۇنداق قىلىپ بىر ئۆزۈملا چاقنايمەن،
ئۆزۈم چاقناپ كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

ياراتمايمەن، كىچىك ئىشقا زوقۇم يوق،
ئەنقا ئاتاي دىسەم ئەمما ئۇقۇم يوق.

---

① ② بۇ ئىككى مىسرادىكى پىكىر ۋە قاپىيە ئەركىنجان روزىنىڭ.

مېنەي دېسەم ئېشىكىمدە توقۇم يوق،
ئىسمىم جاھان بازارىدا چوقۇم يوق،
مەن «بازارسىز» كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

ئاقمۇ كىردى تولا ئۇيلاپ بېشىمغە،
شۈنچىلىك تار قىل پاتمايدۇ ئىچىمگە.
ئامەت كەلسە ئەگەر يېقىن كىشىمگە،
غۇچۇرلاشتىن ئاغرىق كىرەر چىشىمغە،
چىش ئاغرىقىغا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

كۆرمەيمەن ھېچقانداق ئىشنى ئۆزۈمدىن،
يامانلايمەن قانۇنىيەت - تۈزۈمدىن.
كىم ئىكەن ئۇ چاتاق تاپقان سۆزۈمدىن؟
سەت كۆرۈنمەي تېز يوقالسۇن كۆزۈمدىن،
يامانلاپلا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

چۈشتە دېسە كەچتە ئاران بارىمەن،
باھانە توقۇپ گۇناھىمدىن تانىمەن.
شۇ بىر ئەمەس تەكرارلايمەن يانىمەن،
شۇڭا جاھان ئالدىدا كۆپ چانىمەن،
چېنىقىپ كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

يانتقا شاتۇر، ئۆزىمىزگە ئاقسايمەن،
ئۆزگە باتۇر، يانتقا سالسا ئاقمايمەن.
پەلسەپەم شۇ: جان بېقىشنى ياقلايمەن،

ئاشۇ يولدا تىنىم تاپماي قاتنايمەن،
قاتناۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

بىكار بولسام ھاڭۋاقىمەن كوچىدا،
بولاي مەيلى قەشقەر، تۇرپان، غۇلجىدا.
بۇ پەقەتلا بولار مەندەك نوچىدا،
نېمىش قىلسۇن ئىشقا بەند پوچىدا؟
نوچىلىققا كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

ياراتمايمەن ئىلىلىقنى لاپچى دەپ،
خوتەنلىكنى دىۋانە ـ راۋاپچى دەپ؛
قەشقەرلىكنى ئالدامچى ساپ ـ ساپچى دەپ،
كورلىلىقنى ئاغزى نەس كاپكاپچى دەپ،
يۇرت ياراتماي كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

دەيمەن يەنە: ئاقسۇلۇقنى كاۋىچى،
دولانلىقنى پوجاڭ تۇماق، يامىچى.
ئالتاي، قۇمۇل، قىزىلسۇنى چارۋىچى،
ئۇرۇمچىلىك جىڭ قىزىل كۆز پىۋىچى،
تىللاۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

مەن تىللىماس بىرمۇ يۇرت يوق ئۆلكەمدە،
دېمەك شۇنداق ئېغىر يۇك بار يەلكەمدە.
ئۇنى ئادا قىلىپ بولارمەن نى كەمدە؟
قورۇق تولا شۇڭا مېنىڭ چېكەمدە،
«ئېغىر يۇك» كە كۆنۈپ قالغان ئۇخشايمەن.

ئەجدادىمنى كۆندە مىڭ رەت داڭلايمەن،
ئەمما ئۆزۈم بىر غېرىچمۇ ماڭمايمەن.
ماختاش بولسا ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلايمەن،
(ئاڭلاپ ـ ئاڭلاپ سۆيۈنىمەن، قانمايمەن)
ماختاشقىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ماختاپ تۇرسا قىن ـ قىنىمغا پاتمايمەن،
ئۇچۇمەنكى كۆكتە ـ يەردە ياتمايمەن.
(قانىتىم يوق، لېكىن موللاق ئاتمايمەن)
«ھاي! . . .» دېگەننى يېنىمغا يولاتمايمەن،
مەن ئۇچۇشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

تەنقىد دېسە شۇ ھامانلا باتنايمەن،
ھېچقانداق «ئەينەك» كىمۇ باقمايمەن.
جەھلىم بىلەن ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئاقلايمەن،
بۇ ئادەتنى تا مەڭگۈگە ساقلايمەن،
شۇ ئادەتكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن .

5

داشۆگىمۇ ئۆتتۇم بولدى پۈتتى ئىش،
خىزمەت تەييار ئۆتسە ئەمدى تۆتلا قىش.
لازىم ئىكەن نېمىگە ئۇ ئۆگىنىش؟
(بىلىم ئەمەس دىپلومغىلا قارارمىش)
جان قىينىماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

قىزىقمايمەن دەرس دېگەن نېمىگە،
ئاھ، ئاشىقمەن ئۇلتۇرۇشقا، پىۋىگە.
تەگكۈزمىسەم ئىچمەيمەن قىز لېۋىگە،
ئىچىۋالسام ئايلىنىمەن دېۋىگە،
دېۋەڭلىككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئاتا - ئانامدىن، يۇرتتىن ئىزا تارتىمەن،
«ھەممە گۇناھ ئۆزۈڭدە!» دەپ ئارتىمەن.
ئاھ، نيۇيورك، پارىژلارنى يارىتىمەن،
سۆزلىسەم كۆپ ئادەملەرنى قارىتىمەن،
ئىلغارلىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئۆيدىن كەلگەن پۇل - پۇلغا ئۇلاشمايدۇ،
پۇل بولمىسا سورۇن قايناپ تاشمايدۇ.
يېڭى چىققان مودا مەندىن ئاشمايدۇ،
ئۆز كىيىمىم ھېچ ماڭا ياراشمايدۇ،
مودا قوغلاپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

داشۆسىڭلار ھەر چاغ ئىلغار ئاتالغان،
مەدەنىيەت داشۆسىڭدىن تارالغان.
بىلىڭلاركى - دۇنيا ماڭا يارالغان،
(تۆت تومدىمۇ دەل ئاشۇنداق قارالغان)
شۇ قاراشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئىسست، دەيمەن بەزى ئەخمەق بالىلارغا،
ئىشىنىدۇ ئەجدادىغا، ئاللاغا.
داغ چۈشۈرمەي غۇرۇرلۇق ساپ قانلارغا ـ
هۆل قۇرارمىش كەلگۈسى ئىقباللارغا. . .
مەن ئەكسىچە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

قىينايدىكەن ئۇلار شۇنچە جېنىنى،
ئۇنتۇپ قالار ھەتتا ئاش ۋە نېنىنى.
ئويلار ئىمىش ئەل ـ يۇرتى، ۋەتىنىنى،
تۆكەر ئىمىش شۇ يولدا ھەم قېنىنى،
مەن قان تۆكمەي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بۇ دۇنيادا ۋەتەن دېگەن تولا گەپ،
مىللەتمۇ ھەم يۇرۇشمەمدۇ تۇركۇملەپ؟
ۋەتىنىم شۇ، چىقسا ماڭا نەدە نەپ،
(بۇ سۆزۈمنى خەق بىلمىسۇن بولدى خەپ!)
نەپ كۆزلەپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

6

پۇل تاپىمەن شەمۇ شەنى ئارىلاپ،
يول، ياتاقتا قۇرۇق ناننى غاجىلاپ.
تىنىم تاپماي زاۋۇت، دۇكان مارىلاپ،
بەزى چاغدا ھەمراھىمنى قارىلاپ،
دىل يارىلاپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

جىلغ گېپىم شۇ: پۇلدىن ئۆزگە دوستۇم يوق،
سىنت چاغلىق زىيان بىلەن خۇشۇم يوق.
پۇلۇم مىلغ جىلغ، ئۇچامدا بىر كاستوم يوق،
شۇڭىمىكىن ئابرۇي، يۈزۈم ــ پوستۇم يوق،
ئابرۇيسىزراق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

يۇرتداش، تۇغقان نىمە، پايدا ئالدىدا؟
توغرىلايمەن ئىشنى تېزدىن دالدىدا.
مىلغ بىر ھىيلە چارە بار بۇ كاللىدا.
ئۇنىلغ بىرى بارمىكىنتالغ داھىدا؟
شۇنداق دانا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

تۇۋا دەيمەن بەزى پەمسىز بايلارغا،
قىپتۇ ياردەم يۇرتتا نامرات جايلارغا.
مەكتەپ ساپتۇ مەرىپەت دەپ سايلارغا،
نىمە ياردەم ئۇ كۆك تۆش گادايلارغا،
ياردەمسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پۇل تېپىشتا تارتقان تالاي جەۋرەمگە،
قالدۇرغۇم يوق بىر سىنتمۇ نەۋرەمگە.
ئۆلسەم ئەگەر تېگىپ پۇلنى مەيدەمگە،
ئەكىتىمەن جەزمەن يانتقان قەبرەمگە،
پۇلغا شۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

نىمىشقا؟ دەپ سورىسا گەر كىمدە ــ كىم،
كېسىلگەندۇر پۇلدا مېنىلغ كىندىكىم.

دەپ بەرگىنىم ـ چوڭ ئۈچۈر ھەم ئەمگىكىم،
بەرمىسە ھەق، يوق مېنىڭ دەپ بەرمىكىم،
شۇ مىراسقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

7

ھەر يىلى تۆلەپ ئوتتۇز بەش خىل سېلىقنى،
لەڭگە بەردىم بۇغداي، قوناق، تېرىقنى،
دېمەي قويىاي تاپاندىكى يېرىقنى. . .
شۇ ھالەتتە قىلدىم دېھقانچىلىقنى،
سېلىقلارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

تۇغۇلغاندەك مەڭگۈ كەتمەن چاپاغا،
تولا باردىم قارا قىشتا ھاشاغا.
تولۇپ كەتتى ئالقانلىرىم قاپاغا،
ئادەم دېگەن ئۆلمەيدىكەن جاپاغا،
جاپاغىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىر نېنىم بار كىكىرگۈدەك تويۇشقا،
بىر قويۇم بار قۇربانلىققا سويۇشقا.
نەدە چولا بەدىنىمنى يۇيۇشقا؟
مەن رازىمەن ئاشۇ مۇقىم تۇرمۇشقا،
شۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

باش كۆتۈرمەي ھۆددە يەرنى تېرىيمەن،
ئېتىزلىقتىن چىقماي شۇنداق قېرىيمەن.

بۇ دەۋردىن نەچچە ئەسىر نېرىمەن،
ياۋاش، نادان، بىچارىلەر پىرىمەن،
شۇ «پىر»لىقتا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

يازالمايمەن ئۆز ئىسمىمنى - ئېتىمنى،
تونۇمايمەن ھەتتا ئۆلۈم خېتىمنى.
«ئۇرغۇي» دەيمەن سورىسا مىللىتىمنى،
چۈشەنمەيمەن دەۋردىكى رىتىمنى،
مەن رىتىمسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

سۈنئىي ئوغۇت - مول ھوسۇل دەپ سانايمەن،
شۇ ھوسۇلدىن ئەمدى قانداق تانايمەن.
سۇ تالاشسام قوشنىلارنى چانايمەن،
دېمەيمەن ھېچ بۇ پەيلىمدىن يانايمەن،
مول ھوسۇلغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئىش دېگەننىڭ مەن ئۈچۈن ھېچ سانى يوق،
مىدىرلايمەن پۇت - قولۇمنىڭ جانى يوق.
بەزى - بەزى باللىرىمنىڭ نانى يوق،
سىكرىتاردىن باشقا قەدىردانىم يوق،
قەدىردانغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

يىل ئاخىرى پۇل ئالسامۇ تولۇمدا،
«قەرزىڭ تۆلە! . . .» دەيدۇ ئۈكۈ - سولۇمدا.
سىنىت قالماس ئاخىرىدا قولۇمدا،

دېيەلمەيمەن شۇڭا ھەرگىز پۇلۇم با،
پۇلسىزلىقتا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئېتىزلىقنىڭ ئېرىسىنى كۆرمەيمەن،
بەختىم ئۈچۈن قىلچە خىيال سۈرمەيمەن.
تىل - دەشنامغا دەۋا قىلىپ يۈرمەيمەن،
رەنجىمەيمەن ھەتتا قاپاق تۈرمەيمەن،
كۆتۈرۈشلۈك كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ۋاز كەچكەنمەن ئاللا بۇرۇن نالەمدىن،
پەرقىم يوقتۇر ھېچ ماشىنا ئادەمدىن.
ھەممە ئىشنى كۆرىمەن پېشانەمدىن،
بولدى، شۇنداق ئۆتۈپ كېتەي ئالەمدىن،
مەن نالىسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بۇ دۇنيادا بەلكى مەندەك بىر كىم يوق،
تا ئۆلگۈچە ئىشلەيمەن شۇ (سۈرۈكۈم يوق).
«قاتتىق ئىشلەش» تىن باشقىغا كېرىكىم يوق،
تەنۇ جىسمىم بارۇ، لېكىن يۈرىكىم يوق،
مەن يۈرەكسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

8

تارتالمايدۇ ئات ھارۋىسى ھالىمنى،
كۆردىڭىزمۇ يارىشىملىق خالىمنى؟

قويدۇرغانمەن ساپ كۆمۈشتىن نالىمنى،
ياراتمايمەن شۇڭا ھەتتا ئالىمنى،
ھال تارتىشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كىيىم دېسە «مىلىڭ تەسەددۇق جان!» دەيمەن،
بۇ مەن ئۇچۇن كاتتا شەرەپ ـ شان دەيمەن.
كىيىم ھەتتا يۇرىكىمگە قان دەيمەن،
توشمايدۇ كىيگىنىمگە سان دەيمەن،
مەن سانىماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پارقىرايدۇ ئۇستۇبېشىم زىنىنەتتىن،
خەق ئەيمىنەر تۇرقۇمدىكى ھەيۋەتتىن.
ھېچ بىلمەيمەن بىر يوشۇرۇن غەيرەتتىن ـ
ئاغزىم بىكار بولماس سۆزدىن ـ غەيۋەتتىن،
غەيۋەتخۇمار كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىلىم دېگەن نېمىكىنتاڭ، ئۇقمايمەن،
كىتاب ـ پىتاپ دېگەنىمنى تۇتمايمەن.
ۋاقىت تاپسام لەززەتلىنىپ ئۇخلايمەن،
مەندىن ئېسىللەرنى كۆرسەم پۇتلايمەن،
پۇتلاۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

نېمە پايدا كەپتۇ قۇرۇق بىلىمدىن؟
ھېچنېمەم يوق مېنىڭ ئارتۇق گېلىمدىن.
شۇڭا كۆركەم تۇرىمەن ئۆز خىلىمدىن،

ياقتۇرمەن بۇ ئىشمنى دىلىمدىن،
كۆركەم يۇرۇپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

گۆش قاينايدۇ كەلسە ئەگەر ئاتا ـ ئانام،
دەيدۇ ئۇلار: «بەكمۇ باقتىڭ جان بالام».
ئاغرار بېشىم كېلىپ قالسا قېينانام،
«ۋاي بېشىم! . . .» دەپ ياتىمەن شۇ ئىش تامام،
باش ئاغرىقىغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەك ئاسرايمەن گۈلدەك ئالتۇن بويۇمنى،
ئۇپراتمايمەن ھەتتا بىر تال مويۇمنى.
ئويلىمايمەن باللىرىمنى ـ ئۆيۇمنى،
(قىلسام دەيمەن قايتا، ئىسىت! تويۇمنى. . .)
تويغا ئامراق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياشىرىمەن يىگىرمە ياش توي دېسە،
چۈشتى گىلەم، نەق پۇل ھەمدە قوي. . . دېسە.
خەجلىنىپتۇ تويدا ئۇن مىڭ كوي دېسە،
قانچە ئابرۇي ئاڭلاپ خەقلەر «ھوي. . .» دېسە،
مەن ئابرۇيلۇق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياشاپ نېمە بار ئابرۇي ـ ئاتاق دېمىسەم،
بەرسە خۇدا خانىشلىقنى تىلىسەم.
ھېچكىشىنىڭ گېپىگىمۇ كىرمىسەم،

كۆڭلۈم نېمە تارتسا كىيسەم ھەم يېسەم،
گەپكە كىرمەي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئائىلىنى دەركەن مىكرو جەمئىيەت،
گۈللىنەرمىش بولسا بىر دىل ـ بىر نىيەت.
ماڭا لازىم ئەمەس سوكال تەربىيەت،
ئۆز يولۇم بار ماڭىدىغان تائەبەد.
تەربىيەتسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

## خاتىمە

يۈگەنلىنىپ مىنىلىدۇ كۆنسە ئات،
بۇ ئاز كېلىپ دەيدۇ تېخى «ھارۋا تارت!»
كۆنۈش شۇنداق چوڭقۇرلىشار قاتمۇ قات،
ئاقماس ھەرگىز كۆنۈپ بولۇپ دېسە «داد!»
ئەمما مەن بەك كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كۆنۈش ـ شەيتان، كۆنۈش بەكمۇ خەتەرلىك!
پاكىت سانسىز شۇنچە قايىل ئېتەرلىك.
بولار ئەمدى شۇ كۆنگىنىم يېتەرلىك،
ئەڭ ئاخىرى بىر ۋارقىراي جىگەرلىك:
كۆنمەسلىككە كۆنسەم ئاندىن ياشنايمەن!

1991 ـ يىلى 1 ~ 18 ـ يانۋار، مەكىت

# بىر يولدىن سادا

كېتىۋېتىپ ساق يەتتە كىشى،
گۆگۈم ئەسىر قىلغان كېچىدە؛
ئوڭدىسىغا چۈشتى ئىككىسى،
كولانغان شۇ تار يول ئىچىدە.

ئارقىدىنلا دۈم چۈشتى ئەنە،
يۆلەش ئۈچۈن كەلگەندە بىرى.
ئاتتى موللاق ئىككىسى يەنە،
مېڭىۋىدى تۆت قەدەم نېرى.

يىقىلغان ھەم يىقىلمىغانلار،
شۇئان سۆزلەپ كەتتى غەزەپتە.
ۋايساش، تىللاش، قارغاش دېگەنلەر،
قايناپ كەتتى تەرەپ - تەرەپتە:

— لەنەت ساڭا ھەي گۆينىڭ‌يولى! . . .
يولمۇ سەندەك تار، خار بولامدۇ؟ ! . . .

يول دېگەنگە داشقالنى دۆۋىلەپ،
ساڭا ئوخشاش كولاپ قويامدۇ!؟...

تۇگىمەستىن ئاشۇ تىللاشلار،
سىلكىنگەندەك بولدى يول گويا.
يېرىلىپ ھەم قېتىدىن ئۇنىڭ
چىقتى غايىب كۇچلۇك بىر سادا:

— ھەي بىچارە نادان بەندىلەر،
تۇگىمەمدۇ تۆھمەت سۆزۈڭلار؟
بىلىڭلاركى، ھەممە بالانى —
تىلەپ تاپقان ئەسلي ئۆزۈڭلار.

ماڭغان چاغدا ئاتا — بوۋاڭلار،
شۇنچە كەڭرى داغدام ئىدىمغۇ؟
ئەگرى — توقاي بولسامىمۇ گەرچە،
ساق ھەم راۋان، ساغلام ئىدىمغۇ؟!

قالغىنىمدىن باشلاپ سىلەرگە،
ئوڭغۇل — دوڭغۇل، ماڭغۇسىز بولدۇم.
داشقال، ئەخلەت، قىغ — چىرىندا ھەم،
مەينەت نەرسىلەر بىلەن تولدۇم.

«ماڭىمىزغۇ ئۆزىمىز» دېمەي،
مېنى كولاپ توپا ئالدىڭلار.

ھەر تەرەپتىن قىسسىپ، تارايتىپ،
بويلىرىمغا ئۆيلەر سالدىڭلار.

بولمىسىمۇ پۈتى ئۆيلەرنىڭ،
تۇردى پات - پات ئالغا ئىلگىرىلەپ.
نەپسىڭلارنىڭ بالاسى بىلەن،
قالدىم مانا شۇنداق «يىگىلەپ».

تۇۋا دەيمەن شۇ رىيائىلىقنى،
كۆرمەمدىكەن ئوچۇق كۆزۈڭلار؟
شۇنداق تۇرۇپ تىللاشقا مېنى
قىزارمامدۇ، ئىسىت، يۈزۈڭلار!؟

ياكى بىر جۇپ كۆزۈڭلار ئوچۇق،
ئەمما قەلب - دىلىڭلار كورمۇ؟
دىل كۆرمىسە كۆز دېگەن بىكار،
پەرقسىزدۇر ئۇنىڭغا گورمۇ...

كەلدى گۇگۇم كېچە لەرزىگە،
يولدىن چىققان غايىب سادادىن.
يولۇچىلار قىلىشتى دۇئا،
گۇناھىنى تىلەپ خۇدادىن.

1991 - يىلى مارت، مەكىت

# ئىشاننىڭ ئەرزى

ھەي جامائەت، خالايىق،
ئاڭلاڭلار بىر ئەرزىم بار.
ھەق ـ ئادالەت ئالدىدا،
تۆلەيدىغان قەرزىم بار.

بىلىسىلەر ئىسمىمنى،
(ئۇ شۇنچە بەك چىرايلىق)
ئەمما جىسمىم ئۇنىڭغا
ئەمدى بولدى نالايىق.

ماڭا ئىدى ئەزەلدىن،
ئىختىيارلىق پرىنسىپ.
«ئەڭ تۆۋەن چەك. . .» دېگەن گەپ.
كەلسۇن قانداق مۇناسىپ؟!

شۇ «چەك» بىلەن ئۆزگەردى،
خاراكتېرىم سېلىققا.

يېتىپ باردى ئۇنىڭكى،
تۇرى ئوتتۇز ـ قىرىققا.

شۇندىن بۇيان بوپقالدىم،
سېلىقلارغا تون ـ لىباس.
ھېسابلاشتى كۆڭلىدە،
مېنى ئەخمەق، گاچا ـ گاس.

ئۇ تاشلىسا بۇ كىيدى،
بۇ تاشلىسا ئۇ كىيدى.
جۇل ـ جۇل بولۇپ ئارىدا،
ئىناۋىتىم كېمەيدى.

سۆيۈنەتتى مېنىڭدىن،
ئۇچرىغانلار ئاپەتكە.
ئەمدى ئالۋاڭ بوپقېلىپ،
قالدىم سانسىز لەنەتكە.

بىلسۇن خەقلەر ئالۋاڭدىن،
مېنىڭ ئېنىق پەرقىمنى.
چۇشۇرمىسۇن چۇشەنمەي،
ئاتاق ـ ئابروۋي نەرقىمنى.

1991 ـ يىلى 5 ـ ئاۋغۇست، مەكىت

# مەكتىنىڭ توكى

مەكتت دېگەن ناھىيىدە،
«كويزا» دەيدۇ چوكىنى.
ئىككى سومدىن ساتىدۇ
بىر كىلوۋات توكىنى.

(ئىككى سوم بولسا نىمە بوپتۇ،
يورۇپ بەرسە مەيلىغۇ.)
شۇنچە قىممەت تۇرۇقلۇق،
يورۇمامدۇ، دەيلىغۇ؟

يورۇشىنىغۇ يورۇيدۇ
لېكىن بەكمۇ «تارتىنچاق».
قىزىرىپلا تۇرىدۇ
نۇرى خۇددى جىن چىراغ.

لاپىلدايدۇ توختىماي،
تىلىۋىزورغا چېتىلسا.
كۆرۈش مۇمكىن ئادەمنى،
شاملار ياندۇرۇپ يېقىلسا.

بەزى تېخى شۇمۇ يوق،
ھەپتىدە بەش ئۆچىدۇ.
(ئائىلىلىك رايوندىن
پارتكومغا كۆچىدۇ).

مېھمان كەلسە ئۆيلەرگە،
تارتىنىپ تېز قاچىدۇ.
ھەممە ئۇخلاپ بولغاندا
ئاندىن چىراي ئاچىدۇ.

تېلېۋىزوردا تەسىرلىك،
ئىشلار چىقسا ناۋادا؛
«تەسىرلىنىپ» شۇ ھامان
«جان بېرەر» شۇ قاتاردا.

ماتەم تۇتار تېخى ئۇ،
سۈكۈت بىرلە بىر ھازا.
سىڭلاپ فىلىم ئۆلسىمۇ،
كەلمەس ئاڭا ھېچ جازا.

پۇقرا بىلەن قېرىشىشتىن،
تاپار لەززەت، تاپار زوق.
شام ياندۇرسا كەپ قويۇپ،
ئۆچۈرسىلا يەنە يوق.

داۋام قىلار ئاشۇ ھال،
ھەر ئاخشىمى نەچچە رەت.
مەكتىلىكنىڭ قەلبىگە،
ئورناپ كەتتى ئاچچىق دەرد.

... «ئەسقاتقىنى شام تۇرۇپ،
پۇلنى توكقا تۆلەمدۇق؟
ئېيتىڭلارچۇ خالايىق
نۇرغا قانماي ئۆلەمدۇق؟...»

نەگە بارسا ئەل ئارا،
بولار شۇنداق غۇلغۇلا.
مەكتىنىڭ شۇ نەس توكى،
قاچان نورمال توك بولا؟!

1991 ـ يىلى 14 ـ سېنتەبىر، مەكىت



# سەپەردىكى ياتاقدىشىمغا

تونۇشقانلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن،
بىر ياتاققا ئالدۇق بىلەتنى .
(ئاپتوبۇستىن چۈشمەس چاغدىلا،
دىلغا پۈككەن ئاشۇ نىيەتنى. )

بوسۇغىدىن ئاتلاپلا يەنە،
«تاماشا» نى باشلىدۇق شۇئان.
ئۇنئالغۇغا ماي ئەكەلگۈچە،
دەسلەپ قارتتىن كۆتۈرۈپ چۇقان.

داۋام قىلدى «تاماشا» رىمىز،
ئاۋاز پۈتۈپ قوللار تالغۇچە.
توخۇ ئىككى چىللىدى ھەتتا،
ئۈنى يىغىپ ئورۇن سالغۇچە.

ئورۇن سېلىپ ئەمدى ئۇھ دېسەك،
ئۇن ئالغۇڭدىن ناخشا باشلاندى.
ياتاقداشلار يېڭى تونۇشقاچ،
گەپ ئورنىغا باشلار قاشلاندى.

لىنتا تۇگەپ ئۇنئالغۇ ئاخىر،
توختىغاندا شالغۇت ناخشىدىن.
ئۇنى ئاز دەپ ئۆزۈڭ بىر هازا،
داۋام قىلدىڭ يەنە باشقىدىن.

«ئۇخلالمىدۇق» دېسە باشقىلار،
«كۆز ئۆزۈڭدە ئۇخلاۋەر!» دېدىڭ.
نەزىرىڭدە شۇ تاپتا گويا،
ئۆز ئۆيۈڭدە خوجايىن ئىدىڭ.

قىستىغانغا قەدەر تەرتىپىڭ،
هۆكۈم سۈردى ياتاقتا شۇ هال.
چىققىنىڭدا سىرتقا، ياتاق —
چۆمدى شېرىن ئۇيقۇغا دەرهال...

قۇلاقلىرىم سوزۇلغان چاغدا،
چۆچۈپ شۇئان ئويغىنىپ كەتتىم.
كۈلكەڭ تۇگەپ، سۆزۈڭنى ئاڭلاپ،
ئاندىن ئىشنىڭ تەكتىگە يەتتىم.

لازىم بوپتۇ بىر تال سەرەڭگە،
تاماكاڭنى تۇتاشتۇرۇشقا.
بىلگەنتىڭغۇ چەكمەسلىكىمنى،
سەن خۇپسەنلىك قىلدىڭ نېمىشقا؟!

خۇمارىڭدىن چىقىپ ياتقاندا،
ئۈچ يېرىمدىن ئاشتى ۋاقتىمىز.
بېشىڭ ياستۇق كۆردىمۇ بولدى،
قاق بالاغا ئەمدى قاپتىمىز.

نەخ ئۆزىنى دېسەم گېپىمنىڭ،
باشلاندى بىر دەھشەتلىك خورەك.
نە خورەككى، گېلىڭدا شۇ تاپ،
قىزىپ كەتتى ھەيۋەتلىك «كۆرەك».

بىر كۆرەككى، «كۆرەك» بابىدا
دىلدا ئۆچمەس تەسىرى قالغان.
مىسلىسىز شۇ ساداسى بىلەن،
قۇلاقلارنى لەرزىگە سالغان.

چىقماس دەيمەن ئۈنىڭدەك سادا،
يۈزلەپ ئىتنى تالاشتۇرسىمۇ.
سۆڭەك تاشلاپ ئالدىغا ھەتتا،
قىزغاندۇرۇپ غاجاشتۇرسىمۇ...

ئۆز ئەجرىنىڭ شۇ «مېۋە» سىدىن،
ئۆزىمۇ يەڭ بەھرى ئالسۇن دەپ؛
ئاستاغىنە ئويغاتساق، دېدىڭ:
— ھەي گىرىلار بۇ قانداق ئەدەپ!؟

توۋا ـ توۋا، مال ئىگىسىدىن
كۆچلۈك ئىكەن راستىنلا ئوغرى.
(كونىلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى
بولمىغانتى قاچاندا توغرى؟)

سوراي دەيمەن ئەي ياتاقدىشىم،
ئۇ ئېيتقىنىڭ تەتۈر ئەدەپمۇ؟
ياكى ئوغرى مال ئىگىسىنى
«ئوغرى مۈشۈ» دېگەندەك گەپمۇ؟؟

بارچە قاپلار ئۆزۈڭدە تۇرسا،
نىچۈن ئۇنى كۆرمەيدۇ كۆزۈڭ؟
شۇنچە ئادەم رەنجىمەي سەندىن
تېخى ئۇندىن رەنجىسەن ئۆزۈڭ!؟

بىلىپ قويغىن ئەدەپ ئەزەلدىن،
ئۆلچەم قىلار ئەلنىڭ رايىنى.
دىلغا پۈككىن ئەي ياتاقدىشىم،
سەنمۇ ئەلدەك يۈكسەك غايىنى.

1984 ـ يىلى 4 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى



# كالىنىڭ نالىسى

بىر ئىش ئۈچۈن ماخوغا،
بارسام ئۆتكەن ئاخشىمى؛
ئاڭلاپ قالدىم ئىغىلدىن
چىققان غەيرىي ناخشىنى.

قولاق سېلىپ تىڭشىسام،
ناخشا ئەمەس نالىكەن.
نالە قىلىپ دەرد تۆككەن،
ئورۇق بىر ئۇي - كالىكەن.

تامچە - تامچە ئىسسىق ياش،
ئاقاتتى جۇپ كۆزىدىن. . .
بىلدىم ئۇنىڭ ھەسرىتىن،
دەردلىك مۇڭلۇق سۆزىدىن:

ھەر كۈن ئىشقا ماڭىمەن،
تېخى تاڭمۇ ئاتمايلا.

ئىشتىن چۈشۈپ ئاخشىمى،
بىرەر سائەت ياتمايلا.

يوغان كۆتەك ھارۋىغا،
يالغۇز مىنى قاتىدۇ.
چىقىپ يۇكنىڭ ئۈستىگە،
ئۆزى ئۇخلاپ ياتىدۇ.

يىراق بولماس ئۇچامدىن،
نەشتەرگە ئوخشاش سىم قامچا.
بۇنى ئاز دەپ بۇرنۇمغا،
ئۆتكۈزۈلگەن ئارغامچا.

ھارۋا يوغان، يۈك ئېغىر،
يوللار يىراق، مادار ئاز.
«مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ»
ئۆتتى تالاي قىشۇ ياز.

زارلىمايمەن قىلچىمۇ،
ھارۋا تارتىم دەپ ئاتا.
ئاتا مىراس كەسپىمدۇر،
ئۇ ئەزەلدىنلا ماڭا.

يىراق چىقسام ھارۋىدىن،
قاتار قوشقا شۇ زامان.

قوشتىن چىقسام يەنە بار،
تىرنا، سۆرەم. . . دەيدىغان.

تىرنا ــ قوشچى ئاشۇ چاغ،
تاياق ئالار ھاسىدەك.
دۈمبە، سۆڭگەچ ساق ئەمەس،
بولدى قوۋۇرغام ۋاسىدەك.

شۇ ھاسىدەك تاياقنىڭ،
ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ.
ماڭالمىسام ئۇرىدۇ،
ماڭاي دىسەم قورساق ئاچ.

ئۇيان باقسام دەيدۇ «ئوش!»
بۇيان باقسام دەيدۇ «ئوش!»
چۆپ ئورنىغا تاياق يەپ،
قالمىدى بۇ تەندە گۆش.

ئۇن ۋە كېپەك ئىگەمگە،
مەن يەيمەن سېسىق سامان.
سامان يېسەممۇ مەيلى،
تايىقىم ئاندىن يامان.

ھەر تاياقنىڭ ئۇچىدا،
پەيىنى تېشەر زىخى بار.

ھەر ئېتىز، ھەر ئېغىلدا،
قىزىل قاننىڭ دېغى بار.

تاياق، زىخلار دەستىدىن،
ئۇستىخان ساق قالمىدى.
ئۆلگەنلەرنىڭ گۆشىنى،
ھېچ خېرىدار ئالمىدى...»

دەپ ئۆكۈندى چوڭ تىنىپ،
ئاشۇ ئورۇق ئۇي - كالا.
باشقىلىرى ئارقىدىن،
زارلىنىشتى كۆپ يانا.

بىر پەس ئۇندا كالىلار،
ئۆز دەردىنى تۆكۈشتى.
ياۋاش كۆرۈپ خارلىغان،
رەھىمسىزنى سۆكۈشتى.

ئاڭلاپ شۇ ھەق نالىنى،
مەنمۇ قاتتىق ئېچىندىم.
كالىلارغا ئىچىمدە،
سۆز قىلىپ شۇنداق دېدىم:

تېپىپ قۇدرەت تۆتتە بىز،
زامانىۋىلاشقىچە.

بەزىلەرنىڭ قولىدا،
خارلانغانلار ۋاقتىنچە.

كېتەر ئەمدى شۇ كۈنلەر،
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە.
كېلىپ كۈتكەن ھۆر چاغلار،
كۈنلەر ئۆتەر باشقىچە! . . .

1980 ـ يىلى 22 ـ مارت، مەكىت



مەسئۇل مۇھەررىر: پاتىگۇل مىجىت
مەسئۇل كوررېكتور: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋا سۈرىتىنى سىزغۇچى: ئوبۇل كېرىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

## سەككىز سۈرىتىم
(ساتىرىك شېئىرلار)

ئاپتورى: تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شىنشىي باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.875 قىستۇرما ۋارىقى: 3
2004 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 —— 5000
ISBN 7—228—08758—5
باھاسى: 7.00 يۈەن

رەسىمنى سىزغۇچى: ئوبۇل كېرەم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-08758-5

9 787228 087587 >

ISBN 7-228-08758-5
（民文）定价 :7.00元